ئومۇمي 58-سان
2024 ئىيۇن




# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

2024 ئىيۇن　　　　ئومۇمىي 58 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكتارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

---

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

---

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

---

6 009800 461091 >



## 58 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى | ستەنلى رىدگلېي | 1 |
| خىتاينىڭ يېڭى دەرسلىك ماتېرىيالىدا ئاشكارىلانغان شۇم نىيەت | جېيمس لېيبولد | 12 |
| مەنىۋى تور باغ | تايرون پېترسون | 23 |
| شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئەۋجىگە چىقىش تارىخى | | 29 |
| ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغان خىتاي دېڭىز مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى | | 35 |
| نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەرلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ؟ | فىل جېينىسك | 38 |
| «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ۋە تۇرسۇن ئىسرائىل | ھ. مۇھەممەدنىياز | 44 |
| فېمىنىستلارنىڭ ھەسرىتى | پېترونېلا ۋايېت | 52 |
| زەرچىۋەنىڭ خاسىيەتلىرى | جوش ئاكس | 58 |
| باھارنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم زىمىستاننى كۆرۈش كېرەكمۇ؟ | | 70 |
| ئامېرىكا پرېزىدېنتى خىتايغا قارشى سوغۇق ئۇرۇشقا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك | رەندىي شرايۋېر، دان بلۇمېنسال، جوش ياڭ | 74 |
| ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ۋە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق | كارلا لوپېز | 82 |
| بېرناد شاۋ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن تاللانما | ھ. ئىبراھىم | 87 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | ھ. ئىبراھىم | 92 |

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills


Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University


# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى




پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي




# ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## 8ـ لېكسىيە: قايسى سودا ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىمىز؟

بىز كەڭ مەنىلىك ئىستراتېگىيە ھەققىدە ئويلانغاندا، پەرق ھاسىل قىلىش ياكى تەننەرخ رەھبەرلىكىدىن (cost leadership) ئىبارەت ئىككى مۇھاپىزەت كۆنلۈكىدىن بىرىنىڭ ئاستىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىمىز. بىز بۇ كەڭ دائىرىلىك پارامېتىر دائىرىسىدە، تاكتىكا قوللىنىش، دىققەت مەركىزىمىزنى تەڭشەش ياكى بايلىقلارنى ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن پەرقلىق ئىشلارنى قىلالايمىز. ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۆزىمىزنىڭ رىقابەتچىلىرىمىز بىلەن ھەمىشە مۇشۇ ئىككى يۆنىلىشنىڭ بىرىدە رىقابەتلىشىۋاتقانلىقىمىزنى بايقايمىز. بۇ تۈرلەر ھەر خىل ساھەگە ماس كېلىدىغان بولۇپ، ئەگەر تاللاش ئىمكانىيىتىمىز بار بولسا، بىز چوقۇم پەرق ھاسىل قىلىش ئارقىلىق رىقابەتلىشىشنى خالايمىز.

### <u>بازار رىقابىتى ئىستراتېگىيەسى</u>

«پەرق ھاسىل قىلىش» ۋە «تەننەرخ رەھبەرلىكى» شىركەتلەرنىڭ بازاردا رىقابەتلىشىشىدىكى ئىككى ئاساسلىق ئۇسۇلدۇر.

بۇ ئىككى «كۆنلۈك»نىڭ ئاستىدا، بىز تاكتىكا قوللىنىش، دىققەتنى قىممەت زەنجىرىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈش، ئالاھىدە بازار بۆلەكلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن پەرقلىق ئىشلارنى قىلالايمىز.

## تەننەرخ رەھبەرلىكى

تەننەرخ رەھبەرلىكى ياكى تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنىڭ مەقسىتى مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنى بازار كۆتۈرەلەيدىغان ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىش ھەمدە سېتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق پايدا ئېلىشتۇر. كارخانىلار تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ۋە باھاغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان خېرىدارلارنى جەلپ قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىشىدۇ.

چوڭ تىپتىكى پارچە سېتىش شىركىتى ۋالمارت (Walmart) بىرنى تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلىي مىسالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ۋالمارت ئەزەلدىن «سېتىش مىقدارى ئارقىلىق پايدا ئېلىش»تىن ئىبارەت ئاددىي سودا ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ تاللا بازارلىرىغا پەۋقۇلئاددە كۆپ مىقداردا مال سېلىش ئارقىلىق، تۆۋەن باھادا مال كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. مال تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن باھا تالىشىپ، ئىستېمالچىلارنى ئەرزان باھالىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

2007-يىلى، ۋالمارت بۇ يادرولۇق ئىستراتېگىيەدىن چەتنەپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كۆڭ ياقىلىق ئىستېمالچىلىرىغا (ئاساسلىقى سانائەت ساھەسىدە ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنى كۆرسىتىدۇ، ت) قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ سېتىۋېلىش كۈچىگە ئىگە ئوتتۇرا كىرىملىك خېرىدارلارنى جەلپ قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ شىركەت ئۆزىنىڭ دۇكان ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆزگەرتىپ، 300 دىن ئارتۇق تۆۋەن باھالىق بازارلىق بۇيۇملارنى سېتىشنى توختاتتى، ئەمما بۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئاساس سالغان خېرىدارلاردىن يىراقلىشىپ كەتتى. 2011-يىلى، ۋالمارت ئەسلىدىكى يولىغا قايتىپ كەلدى.

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەرزان باھا فورمۇلاسىنى ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىۋەتكەن يەنە بىر شىركەت كىنو ئىجارە شىركىتى نېتفلىكستۇر. 2011-يىلىنىڭ بېشىدا، 23 مىليون ئابونتى بار نېتفلىكس شىركىتى باھانى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمىتىنى ئىنتېرنېت ۋە ئېلخەت ئارقىلىق زاكاز قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئورۇنغا بۆلۈشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە، شىركەت ئالتە ئاي ئىچىدە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئابونتتىن ئايرىلىپ قالدى.

بەزى مەھسۇلاتلار، بولۇپمۇ تۇركۇملەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تاۋارلار ئەمەلىيەتتە تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، سېمونتقا ئوخشاش مەھسۇلاتلاردا پەرق ھاسىل قىلىش ئىنتايىن قىيىن. خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەھمىيەتلىك

ئۇسۇلدا ئۆزگەرتەلمەيسىز. بۇ سېمونت شىركەتلىرىنىڭ چوقۇم باھا جەھەتتە رىقابەتلىشىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش ئەمەس. پايدا نىسبىتى تۆۋەن، رىقابەت كەسكىن.

خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ نۇرغۇنى پەرق ھاسىل قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىش كېرەك بولغان ئورۇندا، ئۆزلىرىمۇ بىلمەستىن تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنى تاللايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزگىچە ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشىنىڭ ئورنىغا، تەننەرخ تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت ئاسان يولنى تاللاپ، ئۆزىنى تاۋار سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىدۇ.

كەسپىي خادىملار ئارىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپەككۇرنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، ئۇۋۇلاپ داۋالىغۇچىلار ئارىسىدا پەرق بولمىسا، خېرىدارلار بازاردىكى ئەڭ تۆۋەن باھانى ئىزدەيدۇ. ئەمما ئالاھىدىلىكى بار ئۇۋۇلاپ داۋالىغۇچى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەل ئاغرىقىنى داۋالاش قاتارلىق ئىشلاردا تېخىمۇ كۆپ ھەق ئالالايدۇ-دە، تۇركۇملەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تاۋاردىن ئالىي دەرىجىلىك مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ.

## تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھەربىي ساھەدىكى قوللىنىلىشى

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق قوشۇنلار ئوخشاش مەھسۇلاتنى ئىمكانقەدەر ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغانىدى. نەتىجىدە پەرقسىز ئىستراتېگىيەلەر ۋە تاكتىكىلار تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خالىي ئۇرۇشنى ۋە بىھۇدە قان تۆكۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ باھا رىقابىتىنىڭ ھەربىي نۇسخىسى بولۇپ، پايدىسى ئاز، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ زىيىنى ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.

ئارىدىن ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بىر تەرەپ ئىجادىي بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، كۆرۈنەرلىك پەرق ھاسىل قىلدى: تانكىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئاكوپ جېڭىنىڭ قاتماللىقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ئېقىمىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان تېخنىكىلىق يېڭىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پەرق ھاسىل قىلىش ئىستراتېگىيەسى غەلىبە قىلدى.

بۇ يەردىكى تالالاش تېخنىكىغىلا ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگىمۇ ئالاقىداردۇر. سىز ئەڭ ياخشى ئەسكەرلىرىڭىز ئارقىلىق سەرخىللار دېۋىزىيەسى قۇرامسىز ياكى بارلىق قىسىملارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈمىدىدە، ئەڭ ياخشى ئەسكەرلىرىڭىزنى ھەرقايسى قىسىملارغا تارقىتىۋېتەمسىز؟ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئوق دۆلەتلەر بۇ جەھەتتە ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللاندى.

گېرمانىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، پەرق ھاسىل قىلىش ئۇسۇلىنى تاللىدى. ئۇلار نۇرغۇن سەرخىللار دېۋىزىيەسىنى تەسىس قىلىپ، بۇ دېۋىزىيەلەرنى ھۇجۇم ھەرىكەتلىرىدە ئاۋانگارت قىسىم ياكى مۇداپىئە ھەرىكەتلىرىدە «ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى» سۈپىتىدە ئىشلەتتى.

ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەڭ تەقسىملەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەڭ ياخشى ئەسكەرلىرىنى پۈتۈن قوشۇنلىرىغا تەكشى تەقسىملىدى. ئاخىرىدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئاساسەن ئوخشاش سۈپەتتىكى كۆپ ساندىكى قىسىملارنى ئىشلىتىپ، «زور مىقدار ئىستراتېگىيەسى»نى قوللىنىش ئارقىلىق گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى شۇ قەدەر كۆچلۈك مىسال بىلەن تەمىنلىدىكى، ھەتتا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نۇرغۇن ئامېرىكا كارخانىلىرى تۆۋەن باھالىق، زور مىقدار ئىستراتېگىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى، دەپ قارىدى.

## پەرق ھاسىل قىلىش

ياۋروپادا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى غەلىبە زور مىقدار ئىستراتېگىيەسىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاسىيادىكى ئۇرۇش پەرق ھاسىل قىلىشنىڭ رادىكال مىسالى بىلەن، يەنى يادرو قوراللىرىنى تۇنجى قېتىم ئىشلىتىش بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ ھۇجۇمدا، ياپونىيە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىدى. نەتىجىدە، «پەرق ھاسىل قىلىش غەلىبە قىلىشنىڭ يولى ئىكەن» دېگەن قاراش ياپونىيەدە ئومۇملاشتى.

ئامېرىكادا مايكېل پورتېر بۇ پرىنسىپنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ، كارخانىلارنىڭ باھانىڭ تۆۋەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سېتىۋالغۇچىلارغا ئۆزگىچە ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق پەرق ھاسىل قىلالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە باشلىدى. بۇ خىل پەرقنى «ئۆزگىچە سېتىش نۇقتىسى» (USP) دەپ قاراشقا بولىدۇ.

نۇرغۇن شىركەتلەر تەشەببۇسسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى يوقلۇقىدىن ئىبارەت خاتالىقنى سادىر قىلدى، ھەتتا ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، شىركەتلەرنىڭ تەشەببۇسلىرى ئۆزگىچىلىكىنى تامامەن يوقاتتى. ئۇلار خاتا ھالدا مۇجەمەللىكنى ياخشى ئىش دەپ قاراشتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان كىشىلەر ئۈچۈن «تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشى»غا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. نەتىجىدە، ماركا خۇنۈكلىشىپ، ئاخىرىدا مەنىسىنى يوقىتىدۇ (تۇرمۇشىمىزدىكى ماركىلىرى پەقەتلا دىققەت تارتمايدىغان تالاي مەھسۇلاتلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن، ت).

Rolex ۋە Casio پەرق ھاسىل قىلغان مەھسۇلاتلار توغرىسىدىكى ئىككى ياخشى مىسالدۇر. گەرچە ھەر ئىككى شىركەت سائەت ساتىدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىكى پەرق شۇ قەدەر چوڭ بولغاچقا، بىر-بىرى بىلەن رىقابەتلەشمەيدۇ. كاسىيو ئەرزان باھالىق، چىدامچان، يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىقتىدارغا ئىگە مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. رولېكس بولسا ھەشەمەتكە ۋە ئۈزاق مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

پەۋقۇلئاددە ئەخچام تېپىلىق Tata Nano ئاپتوموبىلى بىلەن Lexus LS460 دىن ئىبارەت ئاپتوموبىل ساھەسىدىكى ئىككى مەھسۇلات پەرق ھاسىل قىلىشنىڭ يەنە بىر مىسالىدۇر. باھاسى ئۈچ مىڭ دوللارغىمۇ يەتمەيدىغان نانو ئاپتوموبىللىرى ئاساسىي قاتناش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىدۇ. 75 مىڭ دوللارغا سېتىلىدىغان لېكساس بولسا يۇقىرى باھالىق پەرق ھاسىل قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغان.

پەرق ھاسىل قىلىش دېگىنىمىز ئىختىساسلىششىنى (specializing)؛ جەلپكار خۇسۇسىيەت ۋە فۇنكسىيەلەرنى قوشۇپ، ھالقىلىق ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۆھرەت تېپىشنى، ئۆزىگە خاس «سالاپەت»كە ئىگە بولۇشنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، نايىك ماركىلىق تېنىس توپ ئايىغى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىش جەھەتتىكى ئىناۋىتى ئارقىلىق باشقا مەھسۇلاتلاردىن پەرقلىنىدۇ ۋە نەتىجىدە يۇقىرى باھاغا «لايىق»لىشىدۇ.

## پەرق ھاسىل قىلىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھەربىي ساھەدىكى قوللىنىلىشى

ھەربىي توقۇنۇشتا، پەرق ھاسىل قىلىش ئىستراتېگىيەسى غەلىبىگە تۆرتكە بولالايدۇ. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يادروسى قايتىدىن گۈللەندى. بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئۆزگىرىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەقلىد قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان يېڭى بىر

ئۆلاد پەرقلىق تېخنىكا ۋە قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش (ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە تەھدىت سېلىش) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا قىتئەلەرئارا باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئادەملىك كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئۈچ بىرلىك جەھەتتە رىقابەتلەشمەكتە ئىدى. ئامېرىكامۇ ئاشۇ خىل ئۇسۇلدا رىقابەتلىشىۋاتقان بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئاساسلىقى مىقدار (ھەجىم) جەھەتتە ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرماقتا ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، 1983 ـ يىلى، رېگان ھۆكۈمىتى «ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە تەشەببۇسى»نى (SDI) ئېلان قىلدى. بۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سوغۇق ئۇرۇشتىكى ھەربىي تەكشۈرۈشتىن تامامەن پەرقلىق بولغان رادىكال ئۆزگىرىش ئىدى. ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك تېخنىكىلىقنى بۇزۇش ھەمدە ھەربىي ئەۋزەللىكنىڭ يېڭى مەنبەسىنى يارىتىش ئۈچۈن، ئالغلىق ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى مەۋجۇت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىشنى تاللىدى.

«ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە تەشەببۇسى» يوشۇرۇن تېخنىكا ۋە پۇتكۈل قورال سىستېمىسىنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتىش جەھەتلەردىكى بىر قاتار ئىلگىرىلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ خىل ئىلگىرىلەشلەر بىرلىشىپ، كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى.

## تاۋاردا پەرق ھاسىل قىلىش

تاۋاردا قانداق پەرق ھاسىل قىلىشنى بەلگىلەش سودىدىكى ئەڭ قىيىن ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭغا قەھۋەنى مىسال قىلايلى.

گەرچە ئوخشىمىغان تۈردىكى قەھۋەنىڭ مەھسۇلات ئالاھىدىلىكى پەرقلىنىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ستارباكسنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى خوۋارد شۇلتز (Howard Schultz) قەھۋەنى تەمىنلەش ئۇسۇلى جەھەتتە پەرق ھاسىل قىلىشنى تاللىدى. شۇلتز قەھۋەنى «تۇرمۇش ئۇسۇلى» ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى قەھۋەخانىدا تېخىمۇ يۇقىرى باھاغا ساتقىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ستارباكس ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ۋە داۋراڭسىز مۇھىتى ئارقىلىق «ئۆتەڭ»لا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەنزىلىگە ئايلاندى.

ستارباكس 1985 ـ يىلى ئىش باشلىغاندىن كېيىن، كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغۇدەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمما 2007 ـ يىلىغا كەلگەندە يولدىن ئاداشقاندەك قىلاتتى. بۇ چاغدا شۇلتىز باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولمىغاچقا، ستارباكس ئۆز دۇكانلىرىنىڭ قۇرۇلما ـ لايىھەلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى باشقا تۈردىكى خېرىدارلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ «جەلپكار» قىلىشنى قارار قىلدى. ستارباكس ھاسىل قىلىنغان پەرق نىسبەتەن ئاز بولغان ئىستراتېگىيەگە ئۆتۈش ئارقىلىق ئۆزگىچىلىكىنى يوقىتىپ، خېرىدارلىرىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى.

شۇلتىز 2008 ـ يىلى ستارباكسنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىق ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ «جانلاندۇرۇش» تەشەببۇسى ئاستىدا، ستارباكس ئۆز يىلتىزىغا قايتىپ، «ئۆزگىچە سېتىش نۇقتىسى»نى (USP) مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق قايتىدىن ئىناۋەت تىكلەشكە باشلىدى.

مەركەزلەشتۈرۈش

كارخانىلار تۇتسا بولىدىغان ئۈچىنچى يول ــ بۇ بىزنىڭ ئىككى ئاساسلىق ئىستراتېگىيەمىزنىڭ تۇغۇندىسىدۇر ــ يۇكسەك قاراتمىلىققا ئىگە بازارنى قوغلىشىش ۋە بايلىقنى ــ مەيلى تەننەرخ رەھبەرلىكى ياكى پەرق ھاسىل قىلىش ئارقىلىق بولسۇن ــ مۇشۇ تار بازارغا مۇلازىمەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشتۇر. مانا بۇ مەركەزلەشتۈرۈش (focus) ئىستراتېگىيەسىدۇر.

مەركەزلەشتۈرۈش ــ دەرىجىدىن تاشقىرى پەرق ھاسىل قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلىدۇر. مەركەزلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە ئەمەل قىلىدىغان شىركەتلەرنىڭ مىسالى مىللىي مىلىچماللار دۇكانلىرى ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى ئالىي دەرىجىلىك ماشىنا ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركەزلەشكەن بۇ شىركەتلەر تار بازارنىڭ پەۋقۇلئاددە كەسپىيلەشكەن ئېھتىياجىنى نىشانلايدۇ ھەمدە بۇ ئېھتىياجلارنى باشقا ھەرقانداق شىركەتكە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى قاندۇرىدۇ.

«Equal Exchange» مەركەزلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويغان شىركەتلەرنىڭ مىسالىدۇر.

بۇ شىركەت مۇۋاپىق باھادا كىرگۈزۈلگەن قەھۋەنى ساتىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، مەزكۇر شىركەتنىڭ قەھۋەسى ئۆزىنىڭ قەھۋە پۇرچاقلىرىنى بازار باھاسىدىن يۇقىرى باھادا ساتىدىغان دېھقانلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. نەتىجىدە ئاشقان تەننەرخ خېرىدارلارغا

يۆكلىنىدۇ. ئەمما، ئىجتىمائىي ئادالەت ھىمايىچىلىرى بۇ خىل قەھۋە ئۈچۈن كۆپرەك پۇل تۆلەشنى خالايدۇ.

«Equal Exchange» تارايتىش/مەركەزلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىپ، پەۋقۇلئاددە روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە، يۇكسەك دەرىجىدە خاسلاشقان بازارنى نىشان قىلىدۇ. بۇ بازارنىڭ كۆرۈنەرلىك كېڭىيىشى ناتايىن، ئەمما مۇشۇ تار بازار بۇ شىركەتكە نەپ بېرىدۇ.

«Jolt Cola» دەپ ئاتىلىدىغان ئىسپىرتسىز ئىچىملىكنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەرزدە بازارغا كىرىشى ۋە قەد كۆتۈرۈشى مەركەزلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يەنە بىر مىسالىدۇر. بۇ كولا ئامېرىكالىقلارنىڭ بارغانسېرى كۈچەيگەن ساغلاملىق ئېڭى ھەمدە كوففېئىن ۋە شېكەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئازايتىش ئىستىكىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن. «Jolt Cola» بۇ خىل يۈزلىنىشكە قارشى يول تۇتۇپ، «ياشىسۇن شېكەر! بىر ھەسسە ئارتۇق كوففېئىن!» دېگەن شوئار ئارقىلىق غەلىتە خۇيلۇق ياشلارنى نىشانلىغان.

## ئۆزىڭىزدە پەرق ھاسىل قىلىڭ.

پەرق ھاسىل قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىش تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىشقا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە. كۈچىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش رىقابەت ئەۋزەللىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم قەدەمدۇر.

بىرىنچى قەدەم بايلىق ۋە ئىقتىدارىڭىزنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ مۇددىئايىڭىزغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى باھالاشتۇر. سىزدە «ئىستراتېگىيەلىك ماسلىق» (strategic fit) دەيدىغان نەرسە بارمۇ؟ بايلىق ۋە ئىقتىدارىڭىزنى نىيىتىڭىز بىلەن ماسلاشتۇرۇش سىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستراتېگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى ھالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، «ئۆزگىچە سېتىش نۇقتىسى»نى (USP) بېكىتىڭ، يەنى «سىز باشقىلار ئۈچۈن تەمىنلىيەلەيدىغان، سىزدىن باشقا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان» ئىشنى بىر جۈملە بىلەن بايان قىلىڭ. ئاندىن ئىشەنچلىك دوستىڭىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىشنى قىلىڭ ۋە نەتىجىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇڭ. بەزىدە بۇ كىشىنىڭ «ماھارەت ئامبىرى»نى ئېنىقلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر.

## تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر

پورتېر، «رىقابەت ئىستراتېگىيەسى» (Competitive Strategy).

ترووت، «يا پەرق، يا ئۆلۈم» (Differentiate or Die).

## ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. بۇ لېكسىيەدە رىقابەت ئىستراتېگىيەلىرى ئارىسىدىكى مۇھىم پەرقلەر، شۇنداقلا بايلىق ۋە ئىقتىدارىڭىزغا ماس كېلىدىغان توغرا ئىستراتېگىيەنى تاللاشنىڭ ھەمدە كاتتا ئارزۇيىڭىزغا ماس كېلىدىغان بايلىق ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلاشنىڭ مۇھىملىقى كۆرسىتىلدى. لېكسىيەدە ئۆگىنىلگەن رامكىنى ئىشلىتىپ، كەسپىي ھاياتىڭىزدا قانداق رىقابەتلىشىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاڭ.

سىز مەشغۇلات ئۈنۈمىنى، يەنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئىشنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ ئىشلارنى ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز ۋە ئۈنۈملۈك قىلىشقا كۆچەۋاتامسىز؟ ئەگەر پەرق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولسىڭىز، ئۆزگىچە ماھارەتلىرىڭىزنى، تەجرىبىڭىزنى ۋە كەسپىي بىلىمىڭىزنى بىرلەشتۈرۈپ، سىزدىن باشقا ھېچكىم سىز بىلەن بەسلىشەلمەيدىغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەڭ، بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ، ئاشۇ خىل رىقابەت ئەۋزەللىكىنى تەركىبلىرىنى ساناپ چىقىڭ.

2. نايك ئۆز تاۋارلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرى ھەق ئالالايدۇ.

بۇ ئۇچۇرغا بولغان تۇنجى ئىنكاسىڭىزنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ. بېشىڭىزنى چايقىغىنىڭىزچە «ئۇ باھاغا ئەرزىمەيدۇ!» دەمسىز؟ ياكى «نايكنى ئۆز مەھسۇلاتى ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرى باھا ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان <سېھىرلىك فورمۇلا> زادى نېمە؟» دەپ ئويلامسىز؟

ئۆزىڭىزدىن شۇنى سوراڭ: كىشىلەرنىڭ مەھسۇلاتىڭىزغا، شىركىتىڭىزگە ۋە خاراكتېرىڭىزگە بولغان تونۇشىغا قىممەت قوشىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

3. سودىدىكى ئەڭ مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ئادەتتىكى مەھسۇلاتلارنى يۇقىرى باھادا ساتقىلى بولىدىغان ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشتۇر.

قەھۋە توغرىسىدا، شۇنداقلا «Equal Exchange»نىڭ قانداق قىلىپ مۇئەييەن خېرىدارلار توپىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك «خاراكتېر» شەكىللەندۈرگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىڭ. ئەگەر سىز ئەتە ئۆزىڭىزنىڭ قەھۋە ماركىسىنى بازارغا سالماقچى بولسىڭىز، كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ خىل تاۋارنى بازاردىكى باشقا قەھۋەلەردىن قانداق پەرقلەندۈرەلەيدىغانلىقىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ.

قانداق سۈپەت، مۇلازىمەت، ماركا، ئورالما، تارقىتىش ۋە پايدىنىڭ بىرىكمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك قەھۋەنى مەيدانغا چىقىرالىشى مۇمكىن؟

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى







# خىتاينىڭ يېڭى دەرسلىك ماتېرىيالىدا ئاشكارىلانغان شۇم نىيەت

جېيمس لېيبولد

# خىتاينىڭ يېڭى دەرسلىك ماتېرىيالىدا ئاشكارىلانغان شۇم نىيەت

جېيمىس لېيبولد

(بۇ ماقالە «جېيمىستوۋن فوندى»نىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان)

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭى مەجبۇرىي دەرسلىكى «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (中华民族共同体概论) بۇ يىل 2-ئايدا نەشر قىلىندى («جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى» 18-مارت). بۇ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى «بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت» سۈپىتىدە باشقۇرۇشتىكى يېڭى نەزەرىيەسىنىڭ ئەڭ ئېنىق ۋە ئەڭ تولۇق باياناتىدۇر. دەرسلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئىلگىرىكى مىللەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن تۈپتىن ۋاز كېچىلگەنلىكىنى، «كوممۇنىزمچە كۆپ كۇلتۇرەلچىلىك» ئەندىزىسىدىن خىتاي مىللىتىنى مەركەز قىلغان كۇلتۇرەل ۋە ئىرقچى مىللەتچىلىككە بۇرالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2018-يىلى، شى جىنپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان 125 مىليون «ئاز سانلىق مىللەت»نى بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە خىتاي مىللىتى بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىش ۋەدىسى تەكرارلانغانىدى. خىتاي ئاساسىي قانۇنى بۇ ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەت»لەرگە «رايونلۇق ئاپتونومىيە» بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر «ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدۇ» (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، 2018-يىل 22-مارت). بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى ۋە كۇلتۇرىنى «ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش» ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تەلىماتى بۇ مىللەتلەردىن خىتايلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا بويسۇنۇپ، ئۆز تىلى، كۇلتۇرى ۋە كىملىكىنى تەدرىجىي يوقىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى «ئاز سانلىق مىللەت»لەر يېڭى خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكە زېمىنىدىكى يېقىندى خەلقكە ئايلىنىدۇ.

## شى جىنپىڭنىڭ «يېڭى دەۋر» مىللەتلەر سىياستى

شى جىنپىڭ ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياستىنى قايتىدىن تەڭشىدى. 2014-يىلى، ئۇ بېيجىڭدا ئۈزۈن ۋە جىددىي ئىچكى نۇتۇق سۆزلىدى. پارتىيەنىڭ «مىللەتلەر ئىشلىرى»غا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنىڭ كەڭ «خىتاي زېمىنى»نى باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش تەسەۋۋۇرىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ ئۆز سۆزىدە كەلگۈسى سىياسەت يۆنىلىشى توغرىسىدىكى كەسكىن مۇنازىرىلەرنى توختىتىشقا چاقىردى، بۇ مۇنازىرىلەر «ئامېرىكاچە داشقازان»دىن تارتىپ «دېموكراتىك جەمئىيەتلەر ئىتتىپاقى»غىچە بولغان تۈرلۈك تەكلىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (شەرق-غەرب مەركىزى، 2013). ئۇ «يېڭى تەپەككۇر ئۇسلۇبىدا ئىزدىنىش» بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيەنىڭ «خىتاينىڭ مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىكى ئۆزگىچە توغرا يولدا تەۋرەنمەي مېڭىشى» كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى («China Brief»، 2014-يىلى 7-نويابىر). خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىللەتلەر سىياستى توغرىسىدىكى قىزغىن ۋە ئادەتتىن تاشقىرى تەرزدىكى ئاممىۋى مۇنازىرە شى جىنپىڭنىڭ ئاشكارىلانمىغان نۇتقى بىلەن توختاپ قالمىدى.

ھازىر «شى جىنپىڭنىڭ دۆلەت قۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى مۇھىم ئىدىيەلىرى» دەپ ئاتالغان يېڭى رەسمىي تەلىمات ھەم «ئاز سانلىق مىللەت»، ھەم خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى بىلەن ئاستا-ئاستا بارلىققا كەلدى. مەزكۇر تەلىمات پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بيۇروكرات ئورگانلىرىنى قايتا تەشكىللەشنى، شەرقىي تۈركىستان ۋە باشقا چېگرا رايونلىرىدا زوراۋانلارچە باستۇرۇشنى ۋە «مىللىي مەسىلە»گە مەسئۇل ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرىنى تازىلاشنى تەلەپ قىلدى («زامانىۋى خىتاي» ژۇرنىلى، 2019-يىل 13-ئۆكتەبىر ؛ «دىپلومات»، 2021-يىلى 1-ماي، «China Brief»، 2016-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى). بۇ ئۆزگىرىشلەر سىياسەتنى يولغا قويۇشتىكى ئۆزگىرىشچانلىق دائىرىسىنى تەدرىجىي تارايتتى. «ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش» (两个结合) ۋە «ئون ئىككى چوقۇم» (十二个必须) قاتارلىق ياپتا شوئارلار بىلەن تولغان بۇ تەلىمات بىر مەھەل ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەرگە ئورۇن قالدۇرغانىدى. بۇ بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «قانۇنلۇق» ئاپتونومىيەسىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن، شۇنداقلا باشقا ئەمەلدارلارنىڭ خىتايلارنى مەركەز قىلغان يېڭى ھەققەتلەرنى ئويدۇرۇشىغىمۇ ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. ئەمدىلىكتە ئاممىۋى ساھەدە بۇ خىل كۆپ ئىلېمېنتلىق مەۋجۇت ئەمەس. شى جىنپىڭ ئۆز ئالدىغا جاكارلىۋالغان «يېڭى دەۋر» يېتىپ كەلدى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ يېڭى دەرسلىكى ئۇشبۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئۆلچەم-پرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

بۇ دەرسلىكنى 64 ياشلىق خىتاي ئەمەلدار پەن يۆ (潘岳) تۈزگەن. پەن يۆ خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، شۇنداقلا خىتاينىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرىدۇر. ئىلگىرى «ئاز سانلىق مىللەت» كادىرلىرى رەھبەرلىك قىلىدىغان بۇ دۆلەت ئورگىنى خىتايدىكى «ئاز سانلىق مىللەت»لەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشقا مەسئۇل. ھالبۇكى، پەن يۆ ئۆزۈندىن بۇيان خىتاينى باشقىچە يۆنىلىشكە يېتەكلەشنىڭ كويىدا ئىدى.

1991-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەتىرىنى ۋە «ئەنئەنىۋى خىتاي كۇلتۇرى»نى جانلاندۇرۇشنىڭ تولىمۇ تەخىرسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى («China File»، 2023-يىل 24-فېۋرال). ئاندىن، شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ما روڭ (马戎)، جۇ ۋېيچۈن (朱维群) ۋە خۇ ئەنگاڭ (胡鞍钢) قاتارلىق باشقا تەتقىقاتچى ئەمەلدارلارغا قوشۇلۇپ، «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياستى»نى تەشەببۇس قىلدى («China Brief»، 2012-يىل 6-ئىيۇل). مەزكۇر يېڭى دەرسلىك پەن يۆ ۋە مىللەتلەر سىياستىنى ئۆزگەرتىشنى تەرغىب قىلىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى «ئۆكتىچى» قارىشىغا رەسمىي ئىجازەت بەردى. تەنقىدچىلەر پەن يۆ قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى «سىياسىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەم ساددا، ھەم خەتەرلىك» دەپ قارىغانىدى (CUAES، 2012-يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنى).

## ئۆتمۈشتىكى سىياسەتلەرنى تەنقىدلەش

«جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»دا يۆنىلىشنى توغرىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا پارتىيەنىڭ «ئاكتىپ ئېنېرگىيە» چاقىرىقىغا («China Media Project»، 2021-يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنى) زىت ھالدا، «ھاكىمىيەت بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خىرىس ئېلىپ كېلىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر» تىلغا ئېلىنغان. بۇ چەتئەلدىن مەنبەلەنگەن تېرورلۇق، ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىكتىن ئىبارەت «ئۈچ خىل كۈچ»نىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىچىدىكى «ئىدىئولوگىيەلىك خاتا چۈشەنچە» ۋە «خاتا قاراشلار»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېيتىلىشىچە، «بەزى رايونلار» ئاز سانلىق مىللەت كۇلتۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى كۆپتۈرۈپ، «قالاق ۋە غەلىتە ئۆرپ-ئادەتلەر»نى تەشۋىق قىلغان. يەنە «بەزىلەر» بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىملىكىنى قەستەن تەكىتلەپ، «جۇڭخۇا مىللىتى» كىملىكىنى سۇسلاشتۇرۇپ، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاقلىقى»غا سەل قارىغان (336-بەت).

مەزكۇر دەرسلىكتە ئىلگىرى «ئاز سانلىق مىللەت»لەرگە قارىتىلغان ئېتىبار سىياسەتلىرى ئالاھىدە تەنقىد قىلىنغان. بۇ دەرسلىككە كۆرە، بۇ سىياسەتلەر «ئەسلى مەقسەتتىن چەتنەپ كەتكەن» ھەمدە «مىللىي پەرقنى كۈچەيتىپ، تار مىللىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈپ، <ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزگىچىدۇر>» دەيدىغان خاتا قاراشنى پەيدا قىلغان» (340-بەت). بۇ «بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر»نىڭ — ئىسمى ئاتالمىغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر ۋە موڭغۇللار ئىكەنلىكى ئېنىق — ئۆز تارىخىنى بۇرمىلاپ، «كۆلتۈرەل كۆپ خىللىق نامىدا قالاق تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە كونا قاراشلارغا چىڭ يېپىشىۋېلىشىغا سەۋەب بولغان.»

ئىلگىرى، خىتاي كومپارتىيەسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ساددىلارچە ئىشەنگەنگەچكە، «قورساقنى تويغۇزۇش»قا (管肚子) بەك كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «كاللىنى باشقۇرۇش»قا (管脑子) يېتەرلىك ۋاقىت سەرپ قىلمىغانىدى. بۇ ئىككىنچى ئىبارە تېخىمۇ كۆپ «مېڭە يۇيۇش»نىڭ ياكى «تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتىش»نىڭ — خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاندىكى قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن جەريانىدا بۇنى قوللانغان — باشقىچە ئاتىلىشىدۇر («China Brief» 2018-يىل 15-ماي). «ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش» يەنە يەسلىدىن ئۇنىۋېرسىتېتقىچە بولغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشتە «ۋەتەنپەرۋەرلىك» تەشۋىقاتىغا ھەسسىلەپ ئەھمىيەت بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ («China Brief»، 2019-يىل 10-دېكابىر).

## مىللىي كىملىك شەكىللەندۈرۈش توغرىسىدىكى مەقسەتچىلىك نەزەرىيەسى

377 بەتلىك بۇ دەرسلىكنىڭ يادروسى خىتاي تارىخى توغرىسىدىكى 13 «لېكسىيە»دۇر. ئۇنىڭدا يەنە شى جىنپىڭ دەۋرىدىكى دۆلەت قۇرۇش خىزمىتىگە ئالاقىدار يېڭى يېتەكچى سىياسەتنىڭ مەنىسى، ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى بايان قىلىنغان بىر قانچە تونۇشتۇرۇش ۋە خۇلاسە بابى بار بولۇپ، بۇ سىياسەت «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ شەكىللەندۈرۈش جەريانىنىڭ ئارقىسىدىكى تارىخىي تەسەۋۋۇر جەمئىيەتشۇناس فېي شياۋتوڭنىڭ (费孝通) خىتاي ئىرقىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى «كۆپ مەنبەلىك، تاق گەۋدىلىك» (多元一体) قۇرۇلمىسىنى دىئالېكتىكىلىق چۈشەندۈرۈشىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان (ئەيسشياك، 2010-يىل 22-ئاۋغۇست). فېي شياۋتوڭنىڭ بۇ ئىبارىسىنىڭ مۇجمەل ۋە ئىككى بىسلىقلىقى، كۆپ خىل چۈشەندۈرۈشكە بوشلۇق قالدۇرغان. شى جىنپىڭ دەۋرىدىن

ئىلگىرى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى 56 «مىللەت»نىڭ كۆپ خىللىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە تىل، كۇلتۇر ۋە دىنىي ئادەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئۇقۇم ئادەتتە ئىنگلىزتىلىغا «كۆپ خىللىقتىكى بىردەكلىك» (unity in diversity) ياكى «بىردەكلىكتىكى كۆپ خىللىق» (diversity in unity) دەپ تەرجىمە قىلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، فېي شياۋتوڭنىڭ ئىككى بۆلۈملۈك گەۋدىسىنىڭ «بىردەكلىك» تەرىپى ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارالماقتا. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تارىخنى ئىزاھلىشىمۇ كۆرۈنەرلىك مەقسەتچىلىك نەزەرىيەسى (يەنى كۆپ مەنبەچىلىكتىن يەككە خىتاي مەركەزلىك گەۋدىگە ئايلىنىش) بىلەن يۇغۇرۇلغان.

بۇ نەزەرىيەگە كۆرە، ئىككى مىليون يىل ئاۋۋال روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە خىتاي ئىپتىدائىي ئادەملىرى جۇڭخۇا مىللىتى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئاندىن ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ ئالىي خۇاشيا-خىتاي يادروسىغا تارتىش ۋە سۈمۈرۈش ئارقىلىق سىستېمىلىق ھالدا زورايغان، شۇنداقلا ئۈزۈلۈش ۋە پارچىلىنىشتىن خالىي ھالدا، كۆلەم ۋە جۇغراپىيەلىك تارقىلىش جەھەتتە كېڭەيگەن. فېي شياۋتوڭنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ غايەت زور «قار توپى»غا ئوخشايدۇ. بۇ خىل مىللىي كىملىك شەكىللىنىش ھېكايىسىدە، تىبەتلەر، موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار ۋە يەرلىك باشقا خەلقلەر گېن جەھەتتە توختاۋسىز ئۆزگىرىپ، ئاخىردا خىتايلارنى مەركەز قىلغان «غايەت زور جەمئىيەت»كە سىڭىپ كېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

مەزكۇر دەرسلىك غەربتىكى خىتايشۇناسلارغا، يەنى مارك ئېلىيوت (Mark Elliott) ۋە جېيمس مىلۋاردنى (James Millward) ئۆز ئىچىگە ئالغان، خىتاينىڭ ئۆتمۈشىدىكى ئۆزلۈكچىلىك، بۆلۈنۈش ۋە كۆپ خىللىقنى تەكىتلەيدىغان ئاتالمىش «يېڭى چىڭ تارىخچىلىرى»غا قارىتىلغان ياپتا تەنقىدنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھالبۇكى، مەزكۇر دەرسلىكنىڭ ئاپتورلىرىغا نىسبەتەن، بۇ ناتوغرا، «خىتايسىزلاشتۇرۇلغان» تارىخ قارىشىدۇر. بۇ دەرسلىكتە دەۋا قىلىنىشىچە، خىتاي ھېچقاچان غەربتەك مۇستەملىكىۋى كېڭەيمىچىلىك ياكى كۇلتۇرەل زومىگەرلىك قىلىپ باقمىغان. ئەكسىچە، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى»دىكى كەڭ قورساقلىق، تىنچلىق ۋە ئوچۇق-يورۇقلۇق ئۇنىڭ تەبىئىي زورىيىشىغا سەۋەب بولغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدىن، مۇستەملىكىچىلىكتىن ۋە تالان-تاراجدىن ھەمدە (كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان) «ئورمان قانۇنى»دىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەن. خىتاي «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى»گە يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، بۇ ئەندىزە ئىمپېرىيە ۋە مىللىي دۆلەتنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن (355-بەت).

## خىتايدىن ئىبارەت ئۇيۇشتۇرغۇچى يادرو

يەنە يۈ تۈزگەن بۇ دەرسلىك كىتابىتىكى تارىخ قارىشىنىڭ ئارقىسىدا بەزى زىددىيەتلەر مەۋجۇت. بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدا «بىر گەۋدىلىك»لىكنى ئورگانىك، ھەتتا خىتاينىڭ ئۆتمۈشىدىكى قان ۋە تۇپراقتا يىلتىز تارتقان دەرىجىدە قەدىمىي دەپ قاراش ئىستىكى مەۋجۇت. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ پارتىيەنىڭ بۇ كوللېكتىپ ئاڭنى ئاكتىپلىق بىلەن «بەرپا قىلىش»قا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ (يەنى بىر تەرەپتىن، خىتايدا قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇنداق «ئاڭ» مەۋجۇت، دەپ دەۋا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ خىل ئاڭنى يېتىلدۈرۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تەكىتلەيدۇ، ت). ئېيتىلىشىچە، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنى ئۆتمۈشىنى، ئۇنىڭ بۆلۈنمەس خاراكتېرىنى، شۇنداقلا بارلىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ۋە ئۇنىڭ مىللىي دۆلىتىنى «ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇش» زۆرۈرىيىتىنى «توغرا» تونۇشقا پائال ھالدا «يېتەكلىشى» كېرەك. ئاپتورلار مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جۇڭخۇا مىللىتى ئەلۋەتتە <تەسەۋۋۇردىكى ئورتاق گەۋدە> ئەمەس، بەلكى 5000 يىللىقتىن ئارتۇق خىتاي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان غايەت زور مىللەتلەر ئورتاق گەۋدىسىدۇر.» (4 ـ بەت).

كىتابتا جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ مىللەتچى پارتىيەسىنىڭ مىللەتچى خىتاي جۇمھۇرىيىتى (گومىنداڭ) دەۋرىدىكى ئىرقچىلىقى تەنقىد قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى نۇقتىئىينەزەرلەر جياڭ جيېشىنىڭ 1943 ـ يىلىدىكى «خىتاينىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابىدىكىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. بۇ سەپسەتىگە كۆرە، خىتاي مىللىتىنىڭ ئەجدادى ئورتاق بولماسلىقى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارىلاشما كۈلتۈرى، جۇغراپىيەسى، ئەڭ مۇھىمى قانداشلىقى يەككە مەنبەلەرنىڭ ۋە ماكانلارنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىدۇ. قانداشلىق خىتاي مىللىتى ۋە دۆلىتىنىڭ يادروسىدۇر. مەزكۇر دەرسلىكتە خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ 5000 يىل ئىلگىرى ئورتاق سىياسىي جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن «قانداشلىق ئاساسى»دا بەرپا قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان. ئۇنىڭدا «قان» (血) سۆزى 65 قېتىم ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كۆپىنچە خىتاي تارىخىدىكى مىللەتلەرئارا نىكاھ، كۈلتۈرەل بىرىكىش، رايونلارئارا كۆچۈش ۋە «قانداشلىق رىشتىسى»نى (血脉相连) بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن.

خىتاينىڭ يېقىنقى زاماندىكى باشقا رەھبەرلىرىگە ئوخشاش، شى جىنپىڭ خىتايلار بىلەن «ئاز سانلىق مىللەت»لەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشتە دائىم «چوڭ ئائىلە» ئىبارىسىنى ئىشلىتىدۇ (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، 2019 ـ يىل 27 ـ سېنتەبىر). ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا ئوخشاش ئىبارىنى ئىشلەتكەندە، «<سېنىڭ ئىچىڭدە مەن، مېنىڭ ئىچىمدە سەن بار، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ>دىن ئىبارەت خىتاي مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى نامايەن قىلىشقا ئۇرۇنغان» (323 ـ بەت).

ئائىلىلەردە ھەمىشە دەرىجە تۈزۈمى بولىدۇ ھەمدە ھوقۇق ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قولىدا بولىدۇ. گەرچە بۇ نۇقتا ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشىيا ـ خىتاي خەلقى ئېنىقكى جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ رەھبىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ غايەت زور ئولتۇراق نوپۇسى، پىشقان يېزىق تىلى ۋە تەرەققىي قىلغان سىياسىي تۈزۈلمىسى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مىللىي «ئۇيۇشۇشچانلىقى»نىڭمۇ مەنبەسى بولۇپ، ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ۋە سىڭدۈرۈپ، بۈگۈنكى ئورگانىك پۈتۈن گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن (103 ـ 104 ـ بەتلەر).

## تۆت خىل مۇناسىۋەت: بېقىندى ئاز سانلىقلار

شى جىنپىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خىتايدا، خىتايلارنىڭ مەنپەئەتى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن تەڭداش ئۇقۇمدۇر. بىر قانچە يىل ئىلگىرى، پارتىيە ئەمەلدارلىرى «ئاز سانلىق مىللەت»لەرنىڭ خىتايلارنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي تەرتىپ («تۆت خىل مۇناسىۋەت»)تىكى بۇ خىل يېڭى رېئاللىقنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بېقىندىلىق ئورنىنى «توغرا» چۈشىنىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «تۆت خىل مۇناسىۋەت»تىن ئىبارەت يېڭى ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى («ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» 2021 ـ يىلى 30 ـ ئاۋغۇست). شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىلىدىكى نۇتقىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسىدا قىسقىچە تىلغا ئېلىنغان بۇ مۇناسىۋەتلەر (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، 2021 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست) ئەمدى پەن يۈنىڭ دەرسلىكىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تەكىتلەنگەن.

بىرىنچىسى، ئورتاقلىق بىلەن پەرقنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇ مۇناسىۋەتتە «ئورتاقلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، پەرق ئورتاقلىقنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ ياكى بۇزالمايدۇ.» دەرسلىكتە دەۋا قىلىنىشىچە، «ئورتاقلىق ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇ يۆنىلىشتۇر، ئالدىنقى شەرتتۇر ۋە ئاساستۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەرقنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېتنىك پەرقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلسا بولمايدۇ، مىللىي بىر گەۋدىلىشىشكە توسقۇنلۇق قىلسا تېخىمۇ بولمايدۇ» (9 ـ بەت).

ئىككىنچىسى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتنىك بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ئېتنىك ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت. گەرچە بۇ ئىككىسى «بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ كەلسىمۇ»، ئەمما ئۇلار باراۋەر ئەمەس. ئەكسىچە، «جۇڭخۇا مىللىتى»نىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك <چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ئېتنىكغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى> كېرەك» (ئوخشاش مەنبە)

ئۈچىنچىسى، جۇڭخۇا كۇلتۇرى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۇلتۇرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. «جۇڭخۇا كۇلتۇرى غولدۇر، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كۇلتۇرى بولسا شاخ ۋە يوپۇرماقلاردۇر. يىلتىز چوڭقۇر، غول كۈچلۈك بولغاندىلا، شاخ ۋە يوپۇرماقلار ئاندىن گۈللۈپ ياشنىيالايدۇ» (ئوخشاش مەنبە). دەرسلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۇلتۇرىنى «قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش» توغرىسىدا توختالغاندا، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ناخشا-ئۇسسۇل قاتارلىق چىنلىقى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرى كەمچىل يۈزەكى «مىللىي ئالاھىدىلىك»لەرنى تىلغا ئالىدۇ-يۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان تىلى ۋە دىنىي ئىبادەتلىرىنىڭ چوقۇم خىتايلاشتۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تۆتىنچىسى، ماددا بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى. دەرسلىككە كۆرە، «ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئاپتوماتىك ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ.» ئەكسىچە، پارتىيە رەھبەرلىرى (بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار) چوقۇم «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولۇشى كېرەك (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، 2018-يىلى 10-سېنتەبىر). ئۇلار چوقۇم بارلىق خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىدىيەسى، تىلى، قىلمىشى ۋە ۋۇجۇدىنى ئاكتىپ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك، بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ـــ قالاقلىقى سەۋەبلىك ـــ ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر.

## ئاپتونومىيە بىكار قىلىنىپ، ئانا يۇرتلار يوقىتىلدى

خىتاي كومپارتىيەسى «رايونلۇق مىللىي ئاپتونومىيە» ئۇقۇمى ۋە سىستېمىسىنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە ما روڭ قاتارلىق خىتاي تەتقىقاتچىلار بۇ سىستېمىنى ئۆزگەرتىش ياكى تەرك ئېتىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، شى جىنپىڭ 2014-يىلىدىكى نۇتقىدا بۇنى پارتىيەنىڭ دۆلەت قۇرۇش تىرىشچانلىقىنىڭ «مەنبەسى» دەپ ئاتىغانىدى (مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، 2014-يىلى 15-نويابىر؛ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 2019-يىلى 7-ئۆكتەبىر). ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە كۇلتۇرىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، دەرسلىكتە رايونلۇق ئاپتونومىيەنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر يۈرۈش رايونلۇق قوللاش پروگراممىلىرى ئارقىلىق «بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى قوغداش»نى مەقسەت قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى (6-بەت). «شەرقىي تۈركىستانغا ياردەم بېرىش» ۋە «تىبەتكە ياردەم بېرىش» دەپ ئاتالغان مۇستەملىكىچىلىك ئۇسلۇبىدىكى بۇ پروجېكتلارنىڭ كۆلىمى ئۆتكەن ئون يىلدا زور دەرىجىدە كېڭەيدى («جەنۇب ژۇرنىلى»، 2022-يىل 2-ئاپرېل). بۇ پروجېكتلار تېخىمۇ كۆپ خىتاي كاپىتالى، ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە كۇلتۇرىنى (ئىشغال قىلىنغان) چېگرا رايونلارغا ئېلىپ

بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەرسلىكتە «ئۆزئارا تايىنىدىغان ئىقتىسادىي ئورگانىزم» دەپ ئاتالغان تۇسالغۇلارنى بۇزۇپ تاشلىدى (40-بەت).

ئاپتونوم رايونلار ئەمدى مەلۇم بىر مىللەتكە تەۋە بولماستىن، بەلكى «دۆلەتتىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جاي» بولۇپ قالدى (322-بەت). خىتاي كومپارتىيەسى «تىبەت» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «شىزاڭ» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇش، «شىنجاڭلىقلار» دېگەندەك رايون كىملىكىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتماقتا ھەمدە بۇ جايلارنى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولىدىغان ئانا يۇرتى دەپ قاراش ۋەدىسىنى بۇزماقتا.

«ئاپتونومىيە» قاتارلىق يادرولۇق ئۇقۇملار قايتا ئىزاھلانغان بولسىمۇ، باشقا ئۇقۇملار مەنە ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە قايتىدىن تەڭشەلگەن. ئىلگىرى رايونلۇق ئاپتونومىيە سىستېمىسى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش» (保障少数民族合法权益) بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «ئۆز يۇرتىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىشى»غا (当家作主) «تولۇق كاپالەتلىك قىلىش»نى مەقسەت قىلغان، دېيىلگەنىدى («خەلق گېزىتى»، 2007-يىلى 7-ئاۋغۇست). ئەمدىلىكتە مەزكۇر دەرسلىك كىتاب ئوقۇرمەنلەرگە ئاپتونومىيەنىڭ «ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش» (9-بەت) ئۈچۈن «بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش»نى (各民族共同当家作主) (17-بەت) مەقسەت قىلغانلىقىنى تەلقىن قىلماقتا. بۇ خىل ئىبارە نەيرەڭۋازلىقى 2001-يىلىدىكى رايونلۇق مىللىي ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ روھى ۋە مەزمۇنىغا زىت بولۇپ، ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلغان.

## خۇلاسە

يەنە بىر مەيدان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئەۋجىگە چىقماقتا. بۇ ئىلگىرى ماۋ زېدۇڭ تەشەببۇس قىلغاندەك ئاتالمىش «سىنىپىي ئىنقىلاب» ئەمەس، بەلكى كۆلتۈرەل ۋە ئىرقچى خىتاي مىللەتچىلىكى دولقۇنىدۇر. يەن يۈ تۈزگەن بۇ دەرسلىك ئىلگىرىكى ۋەدىلەرنى، سىياسەتلەرنى ۋە تارىخنى بۇرمىلاپ، خىتاي مەركەزچىلىكى ئەپسانىسىنى قايتا قۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. مەزكۇر ئەپسانە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى ۋە رايونلۇق مىللىي ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى — ھازىر قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالغان — ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ھەققىدىكى كاپالەتنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىنى ھەمدە ئىلگىرى مۇستەقىل بولغان

ۋەتەنلىرىدە ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئەسلى-ۋەسلىدىن مەھرۇم قىلىنىشىنى يوشۇرىدىغان «ئەۋرەت لاتىسى»غا ئايلىنىپ قالدى. بۈگۈن يۇرت-ماكانلارنىڭ بىردىنبىر خوجىسى، يېڭى خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://jamestown.org/program/new-textbook-reveals-xi-jinpings-doctrine-of-han-centric-nation-building/


مسلىسىز ئويغىنىش
مەنىۋى تور باغ
تايرون پېترسون

# مەنىۋى تور باغ

تايرون پېتېرسون

بۇ ماقالىدە سىز «مەنىۋى تورباغ» (spiritual matrix) ئۇقۇمى بىلەن ئۇچرىشىشىسىز، ئۇ كىشىلەرنى چوڭقۇر مەنىۋى قاتلامدا ئۆزئارا باغلايدىغان كۆرۈنمەس توردۇر.

بىز بۇ تورباغنىڭ جەڭگاھقا ئوخشايدىغانلىقى، مەنىۋى كۈچلەرنىڭ تەپەككۇرىمىزغا ۋە ھېسسىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدە قانداق تىركىشىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىمىز. سىز بۇ ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق، بۇ ئۇقۇمنىڭ بىزنىڭ فىزىكىلىق دۇنيا بىلەن مەنىۋى ساھە ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى چۈشىنىشىمىزگە قانداق ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئېرىشىسىز.

بۇ رېئاللىقنىڭ تېخىمۇ چوڭ كارتىنىسىنى ۋە بۇ مەنىۋى كۈچلەرنىڭ ھاياتىمىزدا قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشىنىش سەپىرىدۇر.

«مەنىۋى تورباغ» ئاتالغۇسى ئادەتتە شەخسلەرنى مەنىۋى سەۋىيەدە بىر-بىرىگە باغلايدىغان ئۇقۇم رامكىسىنى ياكى تورنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ كۆپىنچە ماددىي رېئاللىقتىن ھالقىغان، دەپ قارىلىدۇ.

مەنىۋى ئۇرۇش توغرىسىدىكى مۇزاكىرىلەردە، «مەنىۋى تورباغ» دائىم روھىي كۈچلەر شەخسنىڭ ياكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن رىقابەتلىشىدىغان جەڭگاھ، دەپ قارىلىدۇ.

## «مەنىۋى تورباغ»نى تەبىرلەش

«مەنىۋى تورباغ» دېگەن سۆز پەلسەپە ئەنئەنىسىدە پەرقلىق شەرھلەنگەن. شەرق پەلسەپىسى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بارلىق جانلىقلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

غەربنىڭ مەنىۋىيىتىدە، مەنىۋى تورباغ ھەمىشە تېخىمۇ يۇكسەك ئاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شەخستىن ھالقىغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئاڭ تورىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى تورباغ جىسمانىي ساھەدىن ھالقىغان مەنىۋى كۈچ ۋە ئېنېرگىيەنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىش دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ شەرھلەر بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تونۇشىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان مەنىۋى توربانىڭ مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر ماھىيىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرىدۇ.

## مەنىۋى توربانىڭ ئىچىدىكى مەنىۋى ئۆرۈش

بۇ ئۇقۇمنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، شەخسلەر توختاۋسىز مەنىۋى ئۆرۈشنى باشتىن كەچۈرىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆرۈشتا ياخشىلىق ۋە يامانلىق كۈچلىرى كوللېكتىپ ئەقىل، پىكىر ۋە ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزئارا تىركىشىدۇ.

ئاكتىپ ئېنېرگىيە پەزىلەت، كۆيۈمچانلىق ۋە تېخىمۇ يۇكسەك ئاڭ ھالىتىگە؛ سەلبىي ئېنېرگىيە بولسا رەزىللىك، قورقۇنچ ۋە تۆۋەن ھېسداشلىق ھالىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنىۋى جەڭچىلەر ئاكتىپ كۈچلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، مەنىۋى توربانىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇكسىلىشىگە تۆھپە قوشىدۇ.

بۇ خىل كۆز قاراشقا كۆرە، شەخسلەرنىڭ تاللىشى ۋە قىلمىشى شەخسىي بەخت-سائادەتكە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كەڭ مەنىۋى ئاقىۋەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئاقىۋەتلەر ئۆزئارا باغلانغان مەنىۋى توربانىڭ ئىچىدىكى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئېنېرگىيەلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى تاللاشلىرىڭىزنىڭ كۆرۈنمەس مەنىۋى ساھەدىكى ئاكتىپ ۋە سەلبىي ئېنېرگىيەنىڭ ھەرىكىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدىڭىز؟

## رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى

ھايات بىر يۈرۈش ئۆگىنىش جەريانىدۇر. ئاخىرىدا، ھاياتىڭىزنى كونترول قىلىش ئۆزىڭىزگە باغلىق.

دۇنيانى چۈشىنىشكە باشلىغىنىڭىزدا، ھەممە نەرسە ساپ پاكىتقا ئايلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار، ئىرق، دىن، ئاساسىي ئېقىم جەمئىيىتى، ئىقتىسادىي دەۋر قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە، بۇ ئۆزگىرىشچان مىقدارلار دۇنيامىزنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بىزنىڭ كىملىكىمىز ئۆگەنگەنلىرىمىز ئاساسىدا رېئاللىققا تۇتقان تۇتۇمىمىزدۇر. ئەمەلىيەتتە، بىز ئۆزىمىزنى باياقاشنى باشلاشتىن بۇرۇن، ۋاقىت چىقىرىپ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

سىز تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشىڭىز كېرەك:

(جىسمانىي ياكى دۇنياۋى) كۈچىڭىزگە ئىشىنەمسىز؟ مەۋجۇت ئەھۋالىڭىزنى قوبۇل قىلامسىز؟ ئومۇمىي مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىڭىز بارلىقىنى تونۇپ يەتتىڭىزمۇ، يوق؟ ئۆزىڭىزنى ئالاھىدە دەپ قارامسىز؟ ھاياتىڭىزدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كونترول قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەمسىز؟

بۇ تەتقىقات دۇنيانىڭ مەنىسىنى تېپىش ۋە خاس تەجرىبىڭىزنىڭ چېكىدىن ھالقىش جەھەتتە سىزگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان رېئاللىق چەكلىكتۇر. تاللاشلار، قىلمىشلار ۋە نەتىجىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە زىچ باغلىنىشلىقتۇر. جىسمانىي دۇنيادا قارارلارنىڭ رېئال ئاقىۋەتلىرى بار . مەنىۋى دۇنيادا بولسا، ئەخلاقىي ئېتىقاد ۋە تاللاشلار ئادەمنىڭ مەنىۋى سەپىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## پەرقلىق نۇقتىئىينەزەرلەر

مەنىۋى تورباغنىڭ تەبىرى ئېتىقاد سىستېمىسىغا باغلىق.

ئىسلام دىنىدا، بۇ ئۇقۇمنى «تەۋھىد (ئاللاھنى پەرۋەردىگارلىقىدا، ئىلاھلىقىدا ۋە ئىسىم-سۈپەتلىرىدە يەككە-يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە شۇ بويىچە ئەمەل قىلىش) ئاساسىدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ بىرلىكى» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

باشقا ئېتىقاد سىستېمىلىرىدىمۇ، بۇ ھەقتە تۈرلۈك تەبىرلەر مەۋجۇت.

ھەر بىر كۆز قاراش مەنىۋى تورباغ ئۇقۇمىنى چۆرىدىگەن ئوخشىمىغان تەبىرلەرگە ھەسسە قوشىدۇ.

## شەخسىي ھوقۇق ۋە ئۆزگەرتىش

مەنىۋى توربائغنى چۈشىنىش ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىقنى ۋە يوشۇرۇن كۈچنى تونۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاكتىپ مەنىۋى كۈچلەرگە ماسلىشىش شەخسىي ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەخسنىڭ زېھنىيىتىنى (Mindset) ئۆزگەرتىپ، ئىناق تۇرمۇشقا تۆھپە قوشىدۇ.

ئاڭلىقلىق، ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋە كۆيۈمچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بۇ ئۆزگىرىش مۇساپىسىدىكى كۈچلۈك قورال بولالايدۇ.

مەنىۋى ئويغىنىش ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى، ئاڭنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى ۋە كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان چوڭقۇر شەخسىي سەپەردۇر.

بۇ ئۆزگىرىش جەريانى ئۆزلۈك ھەققىدە ئويلىنىش، ئۆزلۈكتىن ھالقىش ۋە ھازىرقى پەيتتىن پايدىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىشىلەر ھەممىشە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەقىل-پاراستى ۋە تۇيغۇسىنى قېزىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئۆزلۈكى بىلەن بولغان ئىپخمۇ چوڭقۇر باغلىنىشنى ھېس قىلىدۇ.

جىمجىت تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق مەنىۋى ئادەتلەر بۇ باغلىنىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىش ۋە رىقابەتنى تەرەققىيات پۇرسىتى دەپ قاراش ھاياتنىڭ پانىيلىقنى تونۇشنىڭ مۇھىم تەرىپىگە ئايلىنىدۇ.

مەنىۋى ئويغىنىش ئاستا-ئاستا ياكى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتكۈچى كەچۈرمىشلەر ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلىدىغان سىجىل ۋە ئۆزگىچە سەپەردۇر.

ئەگەر سىز «ئۆزگىرىش تەھدىت ئەمەس، بەلكى شەخسىي ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى كۈچلۈك كاتالىزاتوردۇر» دېگەن ئۇقۇمنى تولۇق قوبۇل قىلسىڭىز، ھاياتىڭىزدىكى قايسى ساھەدە ئەڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ؟

## تەنقىد ۋە گۇمان

مەنىۋىيەتچىلىك (spirituality) توغرىسىدىكى ئەڭ ياخشى تەنقىد شۇكى، بەك كۆپ كىشىلەر بۇ ھەقتە ئەمەلىي مەشىق قىلىشنىڭ ئورنىغا، قۇرۇق گەپ ساتىدۇ.

بەزىلەر مەنىۋى تورباغدىن تەسەللى تاپسىمۇ، ئۇ دوگمىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://medium.com/@thefearlessgrind2023/spiritual-matrix-ded6ae95d909



# شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئەۋجگە چىقىش تارىخى

# شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئەۋجىگە چىقىش تارىخى

(بۇ ماقالە «The Economist» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىدە، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى داڭلىق شەھەر ياركەنتكە يېقىن بىر يېزىدا، «خىزمەت ئەترىتى» تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا، بۇ خىل خىزمەت ئەترەتلىرى نامرات يېزا-قىشلاقلاردىكى مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنى كۆرسىتىدۇ. «كونابازار» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يېزىدا، خىزمەت ئەترىتى «ئىدىيەۋى سەپەرۋەرلىك» ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىستەكسىز دېھقانلارنى ئايرىلىشقا ۋە باشقا ئىش قىلىشقا قايىل قىلىش ئىدى.

مۇخبىرلارنىڭ بۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا كەنت ئائىلىلىرىگە دەرس سۆزلەش ۋە كەچلىك دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان خىزمىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. خىتاي 2017-يىلىنىڭ بېشىدا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى «كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مەركەزلىرى»گە (بۇلار ئەمەلىيەتتە جازا لاگېرلىرىدۇر) سولاشقا باشلىغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن بىرىنچى قول ئۇچۇرغا ئېرىشىش بارغانسېرى تەسلەشتى. خىتاي ئۆز جىنايىتىنى تېرورلۇقنى، بۆلگۈنچىلىكنى ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش نامىدا يوللۇقلاشتۇرماقتا. غەربتىكى تەتقىقاتچىلار (خاتا ھالدا) لاگېرلارنىڭ 2020-يىلى ئەتراپىدا تاقىۋېتىلگەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، ئەمما كونابازار توغرىسىدىكى خەۋەردىكىگە ئوخشاش رەسمىي مەلۇماتلار كەڭ كۆلەملىك مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ھېلىھەم ئوخشاش مەقسەتتە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېيىشمەكتە.

غەرب ھۆكۈمەتلىرى بۇنىڭدىن بارغانسېرى تەشۋىشلەنمەكتە. 2021-يىلى پرېزىدېنت جوۋ بايدىن ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىنى ئىمزالىدى. بۇ قانۇن لايىھەسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ھەر قانداق مەھسۇلات مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئىمپورتچىلار مالنى ئامېرىكاغا ئەكېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم مەھسۇلاتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. بۇ يىل 4-ئايدا، ياۋروپا پارلامېنتى مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق

ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان قائىدىلەرنى تەستىقلىدى (بۇ قائىدىلەر 2027-يىلى كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن). شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋال ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مەزكۇر قائىدىنى بېكىتىشىگە سەۋەب بولدى: بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا، ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ رايوندىن ئىمپورت قىلغان مالنىڭ قىممىتى 641 مىليون دوللارغا يەتكەن بولۇپ، 2016-يىلىدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 721 پىرسەنت ئاشقان، ئەينى ۋاقىتتا بۇنچە كۆپ ئۇيغۇر تېخى جازا لاگېرلىرىغا كىرمىگەنىدى.

شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار سودىلارغا قارىتىلغان بۇنداق قانۇنىي توسۇقلار نۇرغۇن شىركەتلەر ئۈچۈن باش قېتىنچىلىقىدۇر. 2022-يىلى، نوتتىڭھام ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جېيمس كوكېين (James Cockayne) ۋە ھەمراھلىرى «شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار جازا تەدبىرلىرىنى كارغا كەلتۈرۈش» ناملىق دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا مۆلچەرلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان، قۇياش ئېنېرگىيەسى باتارېيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان كۆپ كرىستاللىق كرېمنىي دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ قۇياش ئېنېرگىيەسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئوتتۇز دۆلەتتىكى ئېلېكتر تورىغا تەمىنلەنگەن يورۇقلۇق ۋولت ئېنېرگىيەسىنىڭ تەخمىنەن 95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇنىڭدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن پەمدۇر مەھسۇلاتلىرى دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ-سېتىلغان مۇشۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ تەخمىنەن 18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن، دۇنيادىكى كىيىم-كېچەكلەرنىڭ بەشتىن بىرىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن پاختا بار ئىكەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل زۇلۇمنىڭ يۈز بېرىش تەرزىنىڭ مۇرەككەپلىكى ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىيلاشتۇرماقچى بولغان شىركەتلەرنى تېخىمۇ زور مۈشكۈلاتقا دۇچار قىلىدۇ. ئۇلار چوقۇم خىلمۇخىل مەجبۇرىي ئەمگەك شەكلىنى چۈشىنىشى كېرەك. شۇلاردىن بىرى ئىلگىرى قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە سولانغان ئىشچىلارغا چېتىشلىقتۇر. ۋاشىنگتوندىكى «كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى» دېگەن ئاممىۋى تەشكىلاتتىكى ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz) بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ نەچچە يۈز مىڭغا يېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىھەم تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى تولىمۇ چەكلىك ھەمدە ئايرىلىش ئەركىنلىكى يوق ھالەتتە، لاگېر ئەتراپىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر خىل مەجبۇرىي ئەمگەك شەكلى تۈرمىگە چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىن. لاگېردىكى نۇرغۇن مەھبۇسلار رەسمىي قولغا ئېلىنغان بولۇپ، سوتلىنىشنى كۈتمەكتە. چەتئەلدە ياشايدىغان ئۇيغۇر پائالىيەتچى يالقۇن ئۇلۇغيول قوغۇن سودىسى قىلىدىغان دادىسىنىڭ (لاگېردىن تۈرمىگە بولغان) ئاشۇ خىل يۆتكىلىشنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىنى تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ دادىسى 2022-يىلى 16 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان يالقۇن

ئۇلۇغيولنىڭ قارىشىچە، بۇ جازاغا پەقەت دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، باشقا تۇغقانلىرىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

2022-يىلى، ئامېرىكادىكى «بىرلەشمە ئاگېنتلىق» (Associated Press) تېرورلۇق، دىنىي ئاشقۇنلۇق ياكى «جېدەل-ماجىرا چىقىرىش ۋە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇش» — بۇلار بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى تۈرمىگە تاشلاشتىكى ئورتاق باھانىلەردۇر — قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ تىزىملىكىگە ئېرىشكەن. بۇ تىزىملىكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى، ياركەنتكە ئانچە يىراق بولمىغان كوناشەھەر ناھىيەسىلىك كىشىلەردۇر. تىزىملىكتە بۇ كىشىلەرنىڭ (ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 2017-يىلى قولغا ئېلىنغان) ئىلگىرى قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە سولانغان-سولانمىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى «بولغۇسى دۆلەت دۈشمەنلىرى»گە قارشى قورال سۈپىتىدە قوللىنىۋاتقان تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمىدىن شەپە بەرگەن. بىرلەشمە ئاگېنتلىقنىڭ ھېسابلىشىچە، كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى تۈرمىگە سولاش نىسبىتى 2013-يىلى (بۇ خىتايدا مۇشۇ جەھەتتە ئاخىرقى قېتىم ئىستاتىستىكا ئېلان قىلىنغان يىلدۇر) خىتايدىكى مەملىكەتلىك تۈرمىگە سولاش نىسبىتىنىڭ 30 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن.

ئەمگەك خىتايدىكى تۈرمە ھاياتىنىڭ نورمال بىر پارچىسىدۇر، بۇ بەزىدە يەر شارى تەمىنلەش زەنجىرىگە كىرىدىغان مەھسۇلاتلارغىمۇ چېتىلىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەھبۇسلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە كانچىلىق قاتارلىق ھەر خىل ئەمگەكلەرگە مەجبۇرلانغانلىقىغا ئائىت پاكىتلار بار. نوتىڭھام ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، كۆپ كىرىستاللىق كرېمنىي ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى زاۋۇتلار تۈرمىلەرگە قوشنا بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باغلىنىش بارلىقىغا دالالەت قىلىدىكەن.

ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپىنچە مەجبۇرىي ئەمگەكلەردە روشەن مەجبۇرلاش ئالامەتلىرى بولماسلىقى مۇمكىن. «دۆلەت تاپشۇرغان ئىشنى قىلمىساڭ، بالاغا قالىسەن» دېگەن يوشۇرۇن سىگنال كىشىلەرنى ئىشلەشكە مەجبۇرلايدۇ. كونابازاردا يولغا قويۇلۇۋاتقىنى دەل ئاشۇ خىل ئەندىزىدۇر. ئۇ ئادەتتە «ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. يۈزەكى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئاڭلىماققا 1970-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىن بۇيان، خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن، كىشىلەر ئىش تېپىش ئۈچۈن نامرات كەنتلەردىن شەھەرلەرگە كىرگەن ھادىسىگە ئوخشايدۇ.

خىتاي ئۆلكىلىرىدە، بۇ خىل ھادىسە كۆپىنچە ھاللاردا كىشىگە مەجبۇرىي ئەمگەكتەك تۇيۇلمايدۇ (بەلكىم تىببەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا بەزى مۇتەخەسسىسلەر تىببەتتىمۇ

«مەجبۇري ئەمگەك» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىشنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىگە سوئال قويغان). ۋەھالەنكى، شەرقىي تۈركىستاندا ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جەرياندىن پايدىلىنىپ يېزىلاردىكى مۇسۇلمانلارغا ــ بۇلار ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى 26 مىليون نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 45 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ ــ بولغان سىياسىي كونتروللۇقىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقى ئايان بولدى. بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەھىمە سەۋەبلىك ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسىغا قاتناشقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ۋەھىمىنى ھازىر فۇنكسىيەسىنى يوقاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى؛ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى تەنقىد قىلغان دەپ قارىغان گۇمانىدارلارنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىشى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلىق ياكى ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنى ئىپادىلەشكە زەربە بېرىش قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئادرىيان زېنز بۇنى «دۆلەت زورلاپ تاڭغان، تۇتقۇنلۇقتىن خالىي مەجبۇري ئەمگەك» دەپ ئاتىدى. بۇ ئاتالغۇ بۇ يىل 2-ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى (ilo) تەرىپىدىن مەجبۇري ئەمگەك قوللانمىسىنىڭ ئەڭ يېڭى نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستاننى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمگەك كۈچى يۆتكەش سىستېمىسىغا تولىمۇ ئوخشايدىغان پروگراممىلارنى تىلغا ئالغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمگەك كۈچى يۆتكەش ئۇرۇنۇشى يېقىنقى يىللاردا تېخىمۇ كۈچەيگەندەك قىلىدۇ. 2017-يىلى، يەنى لاگېرلار ئېچىلغان يىلى، 2 مىليون 750 مىڭ ئادەم باشقا جايغا يۆتكەلگەندى (يېزا ئاھالىلىرى ھەر يىلى ئۆز كەنتىنىڭ سىرتىدا بىردىن ئارتۇق خىزمەتنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن). 2022-يىلى بۇ سان ئۈچ مىليوندىن ئاشقان. بۇلتۇر، خىتاي ھۆكۈمىتى 2017-يىلىدىكىگە ئوخشاش نىشان بېكىتكەن بولسىمۇ، ئەمما رەسمىي سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ھەقىقىي يۆتكەلگەن ئادەم سانى 3 مىليون 200 مىڭغا يەتكەن. بۇ پروگراممىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يېزىلىرىغا يېقىن جايدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلىگەن، بەزىلىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتىلگەن (ھەمدە بۇ يەردە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ياشىغان). ئۇلار يەنە پاختا تېرىش دېگەندەك پەسىللىك ئىشلارغا سېلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنى يەرلىرىدىن مەھرۇم قىلغاندا ئەمگەك كۈچى پروگراممىلىرىغا قاتناشتۇرۇش ئاسانغا توختايتتى: خىتاي دائىرىلىرى دائىم سانائەت رايونى قۇرۇش ياكى كەڭ كۆلەملىك دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ. كونابازاردا «كىچىك ئېتىزلارنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ سىستېما ئادەتتە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئىجارە شەكلىدە (مەجبۇري) ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2020-يىلى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىلىرى» ناملىق كىتابتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا رايوندىكى بىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ نىشانى تەسۋىرلەنگەن. بۇ نىشانلاردىن بىرى «ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش» بولسا، يەنە بىرى «ھورۇنلۇق» ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتىكى «دىنىي ئاشقۇنلۇق»نى يوقىتىش ئىدى. كىتابتا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىنىڭ تولىمۇ ھورۇن بىر كەنت ئاھالىسىگە قانداق تاقابىل تۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئەمەلدار مۇنداق دېگەن: «ئىشلىگۈڭ يوق، شۇنداقمۇ؟ مەن ساڭا بىر گىرامىمۇ ئوغۇت بەرمەيمەن، ساڭا ئۆي سېلىپمۇ بەرمەيمەن. يىل ئاخىرىدا، ھەممە ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەندە، سەن يەنىلا كونا ئۆيۈڭدە جاپادا ياشايسەن!» خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئاخىرى كەنتتىكىلەرنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە قايىل قىلغان، كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشلەش ئۈچۈن سىرتقا چىققان.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:


https://www.economist.com/china/2024/05/30/the-evolution-of-forced-labour-in-xinjiang


خەلقئارا ۋەزىيەت
SOUTHERN SHRIMP ALLIANCE
ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە
سالغان خىتاي دېڭىز مەھسۇلاتلىرى
زاۋۇتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى

# ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغان
# خىتاي دېڭىز مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى

«The Outlaw Ocean Project» بۇلتۇر ئېلىپ بارغان، ئەمگەكچىلەرنىڭ خارلىنىشى توغرىسىدىكى دەبدەبىلىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلانغان دەپ گۇمان قىلىنغان شىركەتلەردىن بىرى بولغان، خىتاينىڭ شەندوڭ ئۆلكىسىدىكى شەندوڭ مېيجىيا گۇرۇھىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى.

بۇ شىركەت تۇڭلىتىلغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، كۆكتات، تۇڭلىتىلغان تاماق ۋە باشقا يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە غەرب ئەللىرىگە ئېكسپورت قىلىدىغان شىركەتتۇر. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بۇ ھەقتە مۇنداق يەكۈن چىقارغان: شەندوڭ مېيجىيا گۇرۇھى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسىغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق ياكى قىرغىز قاتارلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىللەتلەرگە تەۋە ئىشچىلارنى شەندوڭدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكىگەن.

«جەنۇب راك بىرلەشمىسى»نىڭ (Southern Shrimp Alliance) ئىجرائىيە دىرېكتورى جون ۋىلىيامس (John Williams) مۇنداق دېدى: «راك بىلەن تەمىنلەش زەنجىرلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئاجىز كىشىلەردىن پايدا ئالىدىغان، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئەندىزىسى بار. خىتاي دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئوراپ قاچىلانغان ئارگېنتىنا قىزىل راكلىرى ئامېرىكا يېمەكلىك دۇكانلىرىدىكى ساغلام مەھسۇلاتلار بىلەن رىقابەتلەشمەسلىكى كېرەك. مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار قانۇن ئىجرائاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دېڭىز مەھسۇلاتلىرى تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە تاقابىل تۇرۇش پىلانى ئامېرىكاغا دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت قىلغۇچىلارغا تۆۋەن تەننەرخ ۋە تېخىمۇ يۇقىرى پايدىنى قوغلىشىش سەۋەبلىك ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي مەجبۇرىيەتكە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە كۈچلۈك سىگنال بېرىدۇ.»

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ۋە پاكىتلىرى تولۇق بولغان مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە سىياسىي قايتا تەربىيەلەش سىستېمىسىنى يولغا قويىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرمە لاگېرلىرىدا باشلانغان بۇ سىستېما ئەمدىلىكتە كېڭىيىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا باشلىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ بىئىختىيارىي ئەمگەك سىستېمىسىدا ئىشلەپچىقىرىلغان دەپ قارالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتقۇن قىلىش پروگراممىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىنسانشۇناس ئادرىيان زېنز بۇلتۇر «Outlaw Ocean»غا مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان كونترول ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىستراتېگىيەسىدۇر.»

«جەنۇب راك بىرلەشمىسى» شەندۇڭدىكى چىڭداۋ يىزې يېمەكلىك شىركىتى، رىجاۋ روڭشىڭ چەكلىك شىركىتى ۋە روڭچېڭ سەنيۈ يېمەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن بولغان باشقا زاۋۇتلارنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشكە چاقىرىق قىلدى. بۇ بىرلەشمە چىڭداۋ يىزې شىركىتىگە قارشى رەسمىي ئەرز سۇندى، شۇنداقلا زاۋۇتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىي ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغۇچە، ختايدىن دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەشنى تەۋسىيە قىلدى.

«The Outlaw Ocean» شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشچىلارنى ئىشلىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن بولغان ختاي دېڭىز مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى بۇ تىزىملىكتىكى باشقا ئورۇنلارنىمۇ تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://maritime-executive.com/article/dhs-blacklists-chinese-seafood-factory-for-using-uyghur-labor



# نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەرلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ؟

فىل جېينىسك

# نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەرلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ؟

فىل جېينسك

سىزدىن سورايدىغان ناھايىتى ئاددىي بىر سوئالىم بار. بۇ سوئالغا بەرگەن جاۋابىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ـ قازىنالمايدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. تەييارمۇ سىز؟

سوئالىم شۇكى: سىز شەخس سۈپىتىدە ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر بولالامسىز؟

پسىخولوگىيە پروفېسسورى ۋە تۇرتكە تەتقىقاتچىسى كارول دۋېك (Carol Dweck) مۇۋەپپەقىيەتلىك زېھنىيەت (Mindset) ئامىللىرى تەتقىقاتىدىكى باشلامچىلاردىن بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «زېھنىيەت: مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى پسىخولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا ئۆزىنىڭ بىر نەچچە يىللىق تەتقىقاتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: ئىنسانلاردا ئىككى خىل چوڭ زېھنىيەتى تىپى مەۋجۇت: تۇرغۇن زېھنىيەت (fixed mindset) ياكى يۈكسىلىشچان زېھنىيەت (growth mindset).

تۇرغۇن زېھنىيەتكە ئىگە كىشىلەر «ئىنسان ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان مۇئەييەن پسىخكىلىق سۈپەتلەر بىلەن تۇغۇلىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇلار خىرىستىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ ۋە مەغلۇبىيەتنى ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ سەلبىي نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەقلىنىڭ تۇراقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ھەمىشە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ.

يۈكسىلىشچان زېھنىيەتكە ئىگە كىشىلەر «يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە، قابىلىيەتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇلار خىرىسلارغا دادىل يۈزلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىلھام ئالىدۇ، مەغلۇبىيەتنى ئۆگىنىش ۋە ياخشىلىنىش پۇرسىتى، دەپ قارايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىدۇ.

ئۇندااقتا كۆز قارىشىڭىز قاندىقىسغا سىزنىڭ رېئاللىقىڭىزنى بەلگىلىيەلەيدۇ؟

قانداق ئويلىسىڭىز، شۇنداق ھەرىكەت قىلىسىز

يۈكسىلىشچان زېھنىيەتكە ئىگە كىشىلەر «قانچە بەك تىرىشسا، شۇنچە كۆپ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ-دە، شۇڭا تېخىمۇ بەك تىرىشىدۇ. ئۇلار قانداقتۇر تۇغما مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى كىشىلەر بولماستىن، بەلكى زېھنىيىتى ئۇلارنى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يېتەكلەيدۇ.

پروفېسسور دۋېك بۇنى مۇنداق خۇلاسىلىگەن:

مېنىڭ يىگىرمە يىللىق تەتقىقاتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۆزىڭىزگە قانداق قارايدىغانلىقىڭىز ھاياتىڭىزغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىز كۆزلىگەندەك ئادەمگە ئايلىنىش-ئايلىنالماسلىقىڭىزنى ۋە ئۆزىڭىز مۇھىم بىلگەن ئىشلارنى تاماملاش-تاماملىيالماسلىقىڭىزنى بەلگىلىيەلەيدۇ.

ھېچكىم «تۇغما يەڭگۈچى» ياكى «تۇغما مەغلۇبىيەتچى» ئەمەس. كۈچلۈك، ئۆزگە ئىشىنىدىغان خاراكتېر ئادەت، ھەرىكەت ۋە تاللاش ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلىدۇ. ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كەچمىشىڭىز ۋە مۇھىتىڭىز بۇنى ئاسانلاشتۇرۇش ياكى قىيىنلاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ، ئەمما ئاخىرىدا تاللىشىڭىزغا ئۆزىڭىز مەسئۇل بولىسىز.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى تەلەيسىز، ۋەيرانە، تارتىنچاق، ھاماقەت ياكى ئاللىقانداق سەلبىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشقا مەھكۇم دەپ قارىسىڭىز، بۇ ئامىللارنى ئۆزگەرتىشكە ھەرگىز ئۇرۇنمايسىز. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، ئەگەر «مۇنداق بولۇش مېنىڭ تەقدىرىم» دەپ تونۇۋالسىڭىز، ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. ئەمما، سىز «بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق، خاراكتېرىممۇ ۋاقىتلىق، مەن ھەرىكەت ۋە تاللاش ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئۆزگەرتەلەيمەن» دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزگىرەلەيسىز.

«توۋا! ھاياتىم نېمانچە جاپالىق» دەپ قاقشاشنىڭ ئورنىغا، «قىلغىنىم قىلغان» دېگىنىڭىزچە، ھاياتنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرىنى تاپالايسىز.

تۇرغۇن زېھنىيەت يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشايدۇ

تۇرغۇن زېھنىيەتنى يۇقۇملۇق كېسەل دەپ ئويلاڭ:

يۇقۇملانغانلار بىلەن قانچە ئۇزۇن بىللە بولسىڭىز، يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقىڭىز شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان ھامان، ئۇ زېھنىيىتىڭىزنى ئاستا-ئاستا كاردىن چىقىرىدۇ. ئۆزىڭىزنى بارغانسېرى ناچار ھېس قىلىسىز، كارىۋاتتا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرگۈڭىز، ئىشلارنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىدىن قاقشىغىڭىزلا كېلىدۇ. ئۆزىڭىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەستەك ھېس قىلىسىز، شۇنداقلا بۇ خىل ھېسسىيات ئۆزلۈكىدىن يوقالمايدۇ.

ئەگەر ئۆزىڭىزنى ئاجىز دەپ قارىسىڭىز، بۇ خىل ھېسسىيات قىلمىشىڭىزدا ئەكس ئېتىدۇ. كىشىلەر بۇنى — يوشۇرۇن ئېگى ئارقىلىق — ھېس قىلىدۇ-دە، «ئۇلار ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلىمىسە، مەن نېمىشقا ئۇلارنى ھۆرمەتلىگۈدەكمەن؟» دەپ ئويلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەندە، سىز ئۆزىڭىزنى قەدىرسىز سەرگەرداندەك ھېس قىلىپ، يېڭى كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىسىز. ئاندىن بۇ خىل ھالەت سىزنى غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە كۈچسىز ھېس قىلدۇرىدۇ، ئىشەنچىڭىز ۋە غۇرۇرىڭىزنى يەرگە ئۇرىدۇ. سىز بارغانسېرى تەشۋىشلىنىسىز، بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرىۋېتىدۇ (ئەڭ تىپىك ناچار ئايلىنىش!).

يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى تۇرغۇن زېھنىيەتتۇر. سىز ئادەتتە بۇنى ھېس قىلالمايسىز، چۈنكى سىز تۆۋەندىكى ئالامەتلەرگە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قارىمايسىز:

- باشقىلار بىلەن دادىل پاراڭلىشىشتىن قورقۇش، تارتىنىش، ئىجتمائىي مۇناسىۋەتتىن قېچىش
- پايدىلىنىلىش، ئاچچىقلىنىش ياكى ئاجىزلىق ھېس قىلىش
- ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە ئىشەنچسىزلىك
- تەشۋىشلىنىش، ئۆزىنى قوغدىيالماسلىق

سىز بۇ مەسىلىلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھەل قىلىشقا تىرىشىسىز، ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىڭىزنى كۈچلۈك ياكى ئىشەنچكە تولغاندەك ھېس قىلالمايسىز، چۈنكى كېسەللىكنىڭ سەۋەبى يەنىلا مەۋجۇت. ۋەھالەنكى، كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىشقا كۈچىسىڭىز، كۆپىنچە كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۆزلۈكىدىن غايىب بولىدۇ.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى كۈچلۈك ئادەم دەپ ئويلىسىڭىز، يولدىمۇ ئىشەنچ بىلەن ماڭىسىز. كىشىلەر ۋۇجۇدىڭىزدا نامايەن بولغان ئېنېرگىيەنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ، چۈنكى سىز ھۆرمەتكە لايىق كىشىدەك ئىش قىلىسىز. شۇنىڭ بىلەن، سىز ئىشەنچكە تولىسىز ۋە يېڭى كىشىلەر

بىلەن تونۇشۇشتا قىيىنلىپ يۈرمەيسىز. نەتىجىدە، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ خۇشال ھېس قىلىسىز ۋە ئىلگىرى قاندىقىسىغا باشقىچە تەرزدە ياشىغانلىقىڭىزغا ھەيران بولىسىز.

شۇنداق، يۇقىرىقى چۈشەنچە بەكلا ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئەمما ئۇ سىزگە قانچىلىغان مەسىلىلىرىڭىزنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە ئىشنىڭ مەنبەسىنىڭ «زېھنىيىتىڭىز» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېخىمۇ گۈزەل ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ قىسقا يولى يوق، ئۇ ۋاقىت، كۈچ ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ھېچقانداق ئىش ئاسانغا توختىمايدۇ. ئەگەر ئاسان بولسا ئىدى، ھەممە ئادەم نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ كېتەتتى-دە، (بۇ خىل ماقالىلەرگە ھېچكىمنىڭ ئېھتىياجى قالمىغانلىقتىن) مەن ئىشسىز قالغان بولاتتىم.

## زېھنىيىتىڭىزنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرالايسىز؟

بۇ جەھەتتە يېتەرلىك پۇرسەت بار . سىز ھازىر تۇرغۇن زېھنىيەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتىسىز. كۆپىنچە كىشىلەر مۇشۇنداق. مەنمۇ ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمىدا ئاشۇنداق زېھنىيەتتە ياشىدىم.

بۇنى ئېتىراپ قىلىش كىشىنى خىجىل قىلىدۇ ۋە ئازابلايدۇ، شۇڭا سىز ئۇنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ياكى باشقىچە پىكىردە بولغانلارغا رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇنىسىز. شۇنىسى مەسخىرىلىككى، بۇ پەقەت سىزنىڭ تۇرغۇن زېھنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى؛ پايدىلىق پىكىرلەرگە سەل قارايدىغانلىقىڭىزنى، تەھدىت ۋە ئىشەنچسىزلىك ھېس قىلىدىغانلىقىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، خالاس. قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا، سىز بۇنىڭ توغرىلىقىنى بىلىسىز. سىز بۇنى «مەغلۇبىيەتچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىق» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما بۇ تۇرغۇن زېھنىيەتنىڭ كاشىلىسىدۇر.

ئەگەر ئۆزىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر بولۇشنى ئويلىسىڭىز، ھەرقانداق چاغدىكى بىرىنچى قەدەم ئۆزىڭىزدە مەسىلە بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. سىزدە تۇرغۇن زېھنىيەت بار. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ كۆپىنچە كىشىلەردە مۇشۇ خىل زېھنىيەت بار.

ئاۋۋال بۇنى ئىچىڭىزدە ئېتىراپ قىلىڭ. ناچار تەرەپلىرىڭىز بارلىقىنى تونۇپ يېتىڭ. ھەممە ئادەمنىڭ ناچار تەرەپلىرى بولىدۇ، كىشىنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ ئۆزىلا قالتىس جاسارەتتۇر. بۇ تەبىئىي ھالدا سىزنى كۆپىنچە كىشىلەردىن مۇنەۋۋەر قىلىدۇ. رېئال ئۆزگىرىش ئەڭ قىيىن پەيتلەردە تەپەككۇرىڭىزنى، قىلمىشىڭىزنى ۋە كۆز قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە باغلىق. مەنىۋى كۈچكە ئىگە بولۇش ھەر ۋاقىت خۇشال يۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ كۆڭۈلسىز پەيتلەردە كۈچلۈك تۇرۇش ۋە تۇگىشىپ كەتمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

ئىلگىرىلەشنىڭ بىردىنبىر يولى مەسىلىلەردىن قېچىشنى توختىتىشتۇر. قورقۇنچتىن قانداق سا.قلىنىش، تەشۋىشتىن قا.نداق قۇتۇلۇش ۋە نا.چا.ر ئەسلىمىلەرنى. قا.ندا.ق ئۆچۈرۈش ھەققىدە كا.للا قاتۇرۇپ يۈرمەڭ. ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، دىققىتىڭىزنى ۋەھىمىگە دادىل يۈزلىنىشكە ۋە ئۇنى يېڭىشكە، ئەندىشىڭىزنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە خاتىرجەمسىزلىكىڭىز بىلەن بىللە ياشاشقا مەركەزلەشتۈرۈڭ.

يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، نوقۇل ھالدا خۇشاللىق قوغلىشىش سىزنى خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن «كەيپىياتنى ياخشىلايدىغان» نەرسىلەرنى ئوقۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

ئاخىرىدا، سىز ھەقىقىي دۇنياغا قەدەم قويۇپ، كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىڭىز كېرەك. سىز ھەقىقىي مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە ئىشلار ناچارلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ جانلىق تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئەھۋال ناچارلاشقاندا، «ئىشلار ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» ۋە «قانداق ھېس قىلىشىڭىز مۇھىم ئەمەس» دېگەندەك مۇجمەل پىكىرلەرنىڭ سىزگە ھېچقانچە پايدىسى بولمايدۇ.

ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىڭىزنى قوبۇل قىلىشىڭىزدۇر. ئەنە شۇ چاغدىلا، ئۆزگىرىشكە ھەقىقىي مەنىدە قادىر بولالايسىز.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://themindofsteel.com/growth_mindset_success/




# «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ۋە تۇرسۇن ئىسرائىل

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇئات سېنزورچىسى تۇرسۇن ئىسرائىل

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىر تارىخىدا، جۈملىدىن 1933 ـ يىلى ۋە 1944 ـ يىللاردىكى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بەرپا بولۇشى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا زور خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تىكلىگەن نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەر بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى تارىخىي كىتابلار، تارىخىي رومانلار ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەم ئەسلىمىلەردىن ئورۇن ئېلىپ، نامى خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، خەلققە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە كۆپلىگەن ئەنە شۇنداق شەخسلەر، جۈملىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن بولغان جەڭلىرى، سىياسىي كۈرەشلىرى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، دىنى، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھاياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇپ مۇھىم ئورۇن تۇتقان بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەر ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنىدى. تارىخ پەنلىرى دوكتۇرى نەبىجان تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى» ناملىق زور ھەجىملىك تارىخىي كىتابىنىڭ ئىككى جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن بېغىشلانغان توملىرى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى نۇرغۇن نامسىز قەھرىمانلار ۋە پەيدىنپەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ساناقسىز تارىخىي شەخسلەر قايتىدىن ئۇيغۇرلار ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىدى.

20 ـ ئەسىردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى تارىخىي شەخسلىرىنىڭ خېلى كۆپى 1949 ـ يىلىدىن باشلانغان مۇھاجىرەت ھايات مۇساپىلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، چەتئەللەردە ھاياتتىن ئۆتتى. بولۇپمۇ، 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا قاتناشقان، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت، ھەربىي، ۋە باشقا ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئەينى ۋاقىتلاردىكى خىزمەتلىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن نامى كەڭ تونۇلغان بىر قىسىم ئەربابلار باشقا مىڭلىغان

سابىق شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ئىشتىراكچىلىرى قاتارىدا 1955 ـ 1962 ـ يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېتىپ، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە يەرلىشىپ، شۇ جايلاردا ھايات كەچۈرۈپ، دۇنيادىن كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى چەتئەللەردە قالدى. ئەنە شۇنداق مۇھىم شەخسلەردىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق قەھرىمانلىرىدىن غېنى باتۇر، فاتىخ باتۇر، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇسابايوف، مۇئاۋىن مالىيە مىنىستىرى ۋاققاس مىرشانوف، «پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مەركىزىي كومىتېتى ئەزاسى ئوسمان زىيام، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەتبۇئات ساھەسىدىكى رەھبىرىي شەخسلىرىدىن تۇرسۇن ئىسرائىل، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن قوماندانى، پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپ، پولكوۋنىكلاردىن زىيا سەمەدى، مەمەتجان يۈسۈپوف، مەرغۇپ ئىسھاقوف، رەپىق بايچۈرىن، ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى نەبىجان يۈسۈپ ۋە باشقا يۈزلىگەن ھەر مىللەت يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ـ سىياسىي رەھبىرىي شەخسلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ كىشىلەر تاشكەنت، بىشكەك، ئالمۇتا شەھەرلىرىدە ياشاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن شۇ يەرلەردە ۋاپات بولغاندى. ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك تارىخ سەھىپىلىرىدىن چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا، جۈملىدىن مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئۆتكۈزگەن ھايات مۇساپىلىرى، قىسمەتلىرى مەۋھۇم قالغانىدى. ئەنە شۇنداق ھايات مۇساپىلىرى مەۋھۇم قالغان ۋە خەلق تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن، ئەمما ئۇنتۇلماس شەخسلەرنىڭ بىرى تۇرسۇن ئىسرائىل ئىدى.

ئۇنداقتا تۇرسۇن ئىسرائىل كىم؟ تۇرسۇن ئىسرائىل 1958 ـ 1959 ـ يىللىرى ئۇيغۇر ۋەتىنى مىقياسىدا خىتاي كومپارتىيەسى ئېلىپ بارغان بىر مەيدان «يەرلىك مىللەتچىلىككە زەربە بېرىش ھەرىكىتى» دە ئابدۇرېھىم ئەيسا، زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرېھىم سەئىدى ۋە باشقىلار بىلەن بىرگە نامى ئاتىلىپ ئەيىبلىنىپ جازالانغان سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى ئىدى.

قازاقىستاندىكى تۇران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پروفېسسورى ئابلەت كامالوف «جەڭگىۋار يىللار ساداسى» ماۋزۇسىدا تۇرسۇن ئىسرائىلنىڭ ھايات كەچمىشلىرى ھەققىدە قازاقىستاندا رۇس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىم رەھبىرىي كادىرلىرىدىن بىرى تۇرسۇن ئىسرائىل 1914 ـ يىلى ئەتيازدا ئالمۇتا شەھىرى يېنىدىكى قورام يېزىسىدا تۇغۇلغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ

تەربىيەسىنى شۇ يەردە ئالغاندىن كېيىن، 1930 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەممىلا يېرىدە باشلانغان كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش، ئاچارچىلىق سەۋەبلىرىدىن ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ يەرلەشكەن ھەم شۇ يەردە ئوقۇغان. ئۇ 1937 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن تاشكەنچىلەر قاتارىدا تاكى 1940 ـ يىلىغىچە تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چۆچەكتە ئىشلىگەن ۋە كېيىنچە غۇلجىغا كەتكەن. زىيا سەمەدىنىڭ «ئەخمەت ئەپەندى» ناملىق تارىخى رومانىدا خاتىرىلىنىشىچە، تۇرسۇن ئىسرائىل 1944 ـ يىلى غۇلجا قوزغىلىڭى باشلىنىش ئالدىدا ئىلىدا ختايغا قارشى ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتكەن ياشلاردىن ئىدى. 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرسۇن ئىسرائىل «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئاتقۇرۇپ، ئەڭ ئاساسلىق تەشۋىقات ـ تەرغىبات ھەم شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ختايغا قاراتقان رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىغان ئىدى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ختاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىتىم تۈزۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق غۇلجا تەرەپ ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە قىسمىنى ئۆتكۈزۈۋالغان بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئۆزى كونترول قىلىپ، بۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستان تەرەپنىڭ قابىل خادىمى تۇرسۇن ئىسرائىلنى مەزكۇر گېزىتنىڭ باش سېنزورچىسى قىلىپ بېكىتكەن. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنە شۇ گېزىتتە تاكى 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بىرەر يىل تۇرسۇن ئىسمائىلنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، ھازىر ئالمۇتادا ياشاۋاتقان تاتار تارىخشۇناس مۇنىر يېرزىن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇن ئىسرائىلنىڭ قوشۇلۇشىسىز ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى» ماقالىلىرى چىقمايتتى. چۈنكى ئۇ سېنزورچى ئىدى.

تۇرسۇن ئىسرائىل تاكى 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە غۇلجىغا قايتىپ كەتكۈچە ئۇيغۇرچە ـ قازاقچە تىللاردا چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەخسۇس ئەۋەتكەن باش سېنزورچىسى سۈپىتىدە گېزىتنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە چىقىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ختاي تىلىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق ئىدىيەلىرىگە قارشى تەشۋىقاتلىرى بىلەن تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشقانىدى. ئامېرىكا تارىخچىسى، پروفېسسور لىندا بېنسون «ئىلى ئىنقىلابى» ناملىق كىتابىدا مەزكۇر توقۇنۇشنى «مەتبۇئات ئۇرۇشى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئەخمەتجان

قاسىمنىڭ كونترول‌لۇقى ئاستىدىكى، تۇرسۇن ئىسرائىل، ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىقلار باش بولۇپ چىقىرىدىغان ئۇيغۇرچە گېزىت بىلەن خىتايلار چىقىرىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» بىر ـ بىرى بىلەن كەسكىن مەتبۇئات ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. مۇنىر يېرزىن ئەپەندى: «ئۇيغۇر سايرانى، تۇرسۇن ئىسرائىل مەسئۇل بولۇۋاتقان بۇ گېزىتنىڭ تۈپ مەقسىتى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ھەربىيلىرىنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملىرى ۋە سىياسەتلىرىنى پاش قىلىش، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلغار سىياسەتلىرىنى ۋە خەلقچىل ئىدىيەلىرىنى تەرغىب قىلىش، بۇ يولدا چىڭ تۇرۇش ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىشىچە، مەتبۇئات ئۇرۇشىدا بەرداشلىق بېرەلمىگەن گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى ئۇيغۇر سايرانى، تۇرسۇن ئىسرائىل ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئۇستىدىن دېلو تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى قولغا ئېلىپ، سوتلاپ جازالاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەخمەتجان قاسىمى بۇنىڭغا يول قويمىغان.

1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۇيغۇر سايرانى، تۇرسۇن ئىسرائىل ۋە باشقا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى خادىملىرىنى ھەم ئونلىغان زىيالىيلارنى شۇنىڭدەك قەشقەر ۋە باشقا بىر قىسىم ۋىلايەتلەرنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن، ئەمما گومىنداڭغا قارشى ئۇيغۇر كېڭەش ئەزالىرىنى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن غۇلجىغا ئېلىپ كەلدى. بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۈرۈمچىدىن ساق ـ سالامەت ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر يىل بۇرۇن تەشكىللەنگەن ئاتالمىش بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي بۇزۇلدى.
تۇرسۇن ئىسرائىل غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا يېڭىدىن مەتبۇئات، ئۇچۇر ـ ئالاقە ساھەسى بويىچە رەھبەرىي خىزمەتلەرنى باشلىۋەتكەن.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدىن ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى تۇرسۇن ئىسرائىل 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر ۋەتىنىگە بېسىپ كىرىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرغان ئازاد ئۈچ ۋىلايەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتكەندىن كېيىن، دەسلەپكى يىللاردا باشقا بىر قىسىم داڭلىق مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن مۇھىم رەھبىرى خىزمەتلەرگە جەلپ قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، 1949 ـ يىلدىن كېيىن، مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق كۆرەشلىرىگە قاتناشقان ھەم مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان مەزكۇر ئىنقىلابچىلار ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچى باشلانغان.

ئەينى ۋاقىتتا ماۋ زېدوڭ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى «خىتاي دېموكراتىك

ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئاتاپ، مىللىي ئارمىيەنى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 ـ كورپۇسىغا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف، سەيدۇللا سەيپۇللايېف، ئىبراھىم تۇردى، زىيا سەمەدى ۋە باشقا ئونلىغان كىشىلەرنى بۇ ئۆلكىگە ۋە 1955 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، نازىر، ۋالىي، ھاكىم قاتارلىق سىياسىي ھوقۇقلارغا تەيىنلىگەنىدى. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچۇر ـ ئاخبارات ۋە رازۋېدكا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان رەھبىرىي كادىرى، ئەسلىدە 1937 ـ 1940 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر زىيالىيسى تۇرسۇن ئىسرائىلمۇ باشتا كۇنەس ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئارقىدىن ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. تۇرسۇن ئىسرائىلنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان قازاقىستاندىكى تۇران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابلەت كامالوفنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇن ئىسرائىل تاكى 1958 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۇقىرى لاۋازىمەتلەردە بولغان.

تۇرسۇن ئىسرائىلنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ئۇنىڭ 1953 ـ 1958 ـ يىللىرى ئارىسىدا كورلا ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان مەزگىلى بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا كورلا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، شەھەرنىڭ گۈللىنىش، مىللىي كادىرلارنى كۆپلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ قازاقىستاندا ياشايدىغان ئوغلى ئۇتۇق ئىسرائىل ئەنە شۇ ۋاقىتتا كورلادا چوڭ بولغان بولۇپ، دادىسىنىڭ كورلادىكى پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ، قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن.

لېكىن، 1954 ـ يىلى خىتايدا باشلانغان ئېچىلىش ـ سايراش ھەرىكىتىدە ئېچىلىپ سايرىغان نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىلار ۋە كادىرلار 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ قاتتىق باستۇرۇلۇشقا باشلىغان. چۈنكى، ماۋ زېدوڭ 1957 ـ يىلى موسكۋادىن قايتىپ كەلگەن ھامان، ستالىننى ئارقا تىرەك قىلغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ پېشقەدەم كادىرلىرىنى تازىلاش يوليورۇقى بەرگەن. بۇ تازىلاش شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە زەربە بېرىش ھەرىكىتى» دېگەن نامدا ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر رەھبىرى كادىرلارنى يىغىپ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلاپ يىغىن ئاچقان. ئەنە شۇ دەسلەپكى تارتىپ چىقىرىپ، پاش قىلىش ۋە ئەيىبلەشتە تۇرسۇن ئىسرائىلمۇ زىيا سەمەدى، ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئىبراھىم تۇردى، مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوف ۋە باشقىلار بىلەن بىر قاتاردا يەرلىك مىللەتچى سۈپىتىدە قاتتىق ئەيىبلەنگەن. خىتاي تەرەپ ئۇلارنى «ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە ياكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان» دەپ ئەيىبلىگەنىدى. مەزكۇر ئەزىمەتلەرنى ھاقارەت ۋە تەھدىتلەر بىلەن تىز

پۆكتۇرەلمىگەن دۇشمەن 1958 ـ يىلى 18 ـ يانۋار تاڭ ئاتار كېچىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق باشقىلارنى قورقۇتۇپ تېز پۆكتۈرمەكچى بولغانىدى. ئەنە شۇ قېتىملىق قاتتىق ئەيىبلەشتىن كېيىن تۇرسۇن ئىسرائىل كورلا ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. تۇرسۇن ئىسرائىلنىڭ ئوغلى ئۇتۇق ئىسرائىلنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار دادىسى بىلەن بىرگە ئاقسۇغا كېلىپ، ئاقسۇدىكى بىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورنىدا تۇرغان. تۇرسۇن ئىسرائىل بۇ يەردە 3 يىل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ جاپالىق ئىشلىگەندىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىرگە 1961 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ غۇلجىدا مىرزا قاماق ھالىتىدە ياشىغان بولۇپ، 1962 ـ يىلى ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كېتىشىگە يول قويۇپ، ئۇنى كەتكۈزمەي ئېلىپ قالغان ئىدى. ئۇتۇق ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار قازاقىستاندا تۇرۇپ دادىسىنىڭ تەقدىرىدىن ناھايىتى ئېچىنغان. بىراق، تۇرسۇن ئىسرائىل ئاخىرى 1962 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا ئالمۇتاغا كۆچۈپ كېلىپ ئائىلىسى بىلەن بىرلەشكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇساپىرلىق ھاياتىنى باشلىغان ھەم ئالمۇتا شەھىرى يېنىدىكى دوستلۇق مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان. تۇرسۇن ئىسرائىلنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان دەۋرى ناھايىتى جاپالىق بولۇپ، ئۇ پېنسىيەگە چىققۇچە باغۋەنچىلىك كولخوزىدا خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ھاياتىدىن زارلانمىغان. ئۇتۇق ئەپەندىنىڭ ئەسلىشىچە، دادىسى تۇرسۇن ئىسرائىل ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ چىققان زىيا سەمەدى، زۇنۇن تېيىپ، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، غېنى باتۇر ۋە باشقا يۈزلىگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرىي شەخسلىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇتلۇق ئىنقىلاب جەريانلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىنى ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇلار ئومۇميۈزلۈك خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرى، يەنى ئۇيغۇر ۋەتىنىگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ئۇلىنى مۇستەھكەملەپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ رەھبىرىي كادىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ھەتتا بەزى زور ھوقۇقلارنى بېرىپ، ئارقىدىن 1957 ـ 1958 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بىراقلا قاتتىق زەربە بەرگەنلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى نىيەتلىرىنى ئاشكارىلىغان ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى سۆكۈشەتتى.

تۇرسۇن ئىسرائىل پېنسىيەگە چىقىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى 1970 ـ يىللىرى سوۋېت ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى يىرىكلەشكەن، ھەتتا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاش ۋەزىيىتى پەيدا بولۇپ، بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرچە گېزىتلەرنى يېڭىدىن نەشر قىلغان ۋە رادىئو پروگراممىلىرىنى يولغا قويغان ۋاقىتلار ئىدى. ھەتتا، 1978 ـ يىلى ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىش پولكى تەشكىل قىلىنغان ئىدى. بۇ چاغلاردا ئالمۇتا، فرۇنزې ( ھازىرقى بىشكەك )، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا خىتايغا قارشى تەشكىلىي پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلاردا ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي

ئۈرۈش قىلسا، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش ئارزۇلىرى كۈچەيگەنىدى. تۇرسۇن ئىسرائىلمۇ ئەنە شۇنداق ئارزۇلاردا ۋە پائالىيەتلەردە بولغان بولسىمۇ، ئەمما، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا ئەسكەر چىقىرىشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم كۈنتەرتىپتىن چۈشۈپ قالغاچقا، 1979 ـ يىلى 29 ـ مايدىن بۇيان ۋەتەننى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىنىڭ ھەرىكەت مىزانىنى ۋە نىشانىنى تەييارلاپ چىققان تۇرسۇن ئىسرائىل ئەپەندىنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپلا، 1980 ـ يىلى 66 يېشىدا ئالمۇتا شەھرىدە ۋاپات بولغان.


گۈلىستان
فېمىنىستلارنىڭ ھەسرىتى
پېترونىلا ۋايىت

# فېمىنىستلارنىڭ ھەسرىتى

پېترونېلا ۋايېت

ھەر دۈشەنبە كۈنى لوندوندىكى بىر ئاشخانىدا بىر توپ ئايال دوستلار بىلەن كۆرۈشىمەن. بىز دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، ھاياتىمىزنى ھەققىدە پاراڭلىشىمىز.

بىزنىڭ نۇرغۇن ئورتاقلىقىمىز بار. ھەممىمىز ئەللىك ياشتىن ئاشقان، يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، مۇئەييەن كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاياللارمىز. ئەمما، ھاياتىمىزدا زور بىر بوشلۇق بار. ھەممىمىز جورىسىز، بالىمىزمۇ يوق.

مەن نۇرغۇن يېقىن دوستلىرىمغا ئوخشاش فېمىنىزمنىڭ (feminism ــ ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى) بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى كاردىن چىقارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن فېمىنىزم ئەقىدىسىدە چوڭ بولدۇم. ياق، بەلكى بۇ ئەقىدە ماڭا زورلاپ تېڭىلدى.

13 ياش ۋاقتىمدا، ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىگە (Women's liberation movement) قاتناشقان ھامام ماڭا روژدېستۋو سوۋغىسى سۈپىتىدە گلورىيا ستېينېم (Gloria Steinem) بىلەن سىمون دې بوۋارنىڭ (Simone de Beauvoir) كىتابلىرىنى بەردى. سىمون دې بوۋار زامانىۋى فېمىنىزمنىڭ بەرپاچىسى دەپ قارىلاتتى. (ھامام 1970 ـ يىللىق دۇنيا گۈزەللىرى تاللاش مۇسابىقىسىنى قالايمىقانلاشتۇرغان پائالىيەتچىلەرنىڭ بىرىدۇر).

مەن تەڭتۇشلىرىم بىلەن بىللە «مەرىي پوپىنس» دېگەن فىلىمنى كۆرۈپ، قەتئىي ئىرادىلىك، جورىسىز بۇ بالا باققۇچىغا قاتتىق ھەۋەس قىلغانىدىم (ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان قايغۇ ـ ھەسرەتكە زىنھار سەپ سالمىغانىكەنمەن). مەن يەنە ئاياللارنىڭ سىياسەتكە ئىشتىراك

قىلىشنى تەرغىب قىلىدىغان بەنكىس خانىمغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ نېمىشقا ئەخمەق ئېرىدىن ئايرىلمىغانلىقىنى كاللامدىن ئۆتكۈزەلمەيتتىم.

بىزنىڭ قەھرىمانىمىز مارگارېت ساچېر (Margaret Thatcher) ئىدى. گەرچە ئۇ ئۆزى ئىنكار قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن بىر فېمىنىست ئىدى. مەن 15 ياش ۋاقتىمدا دادامنىڭ ئۆيىدە (دادام سىياسەتچى ۋۇدروۋ ۋايېتتۇر) تۇنجى ئايال باش ۋەزىرىمىز مارگارېت ساچېر بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، بۇ ھايات يۆنىلىشىمگە تەسىر كۆرسەتكەن بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش ئىدى. تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇ ماڭا «ھايات» تېمىسى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ سۆزىدىكى مۇھىم نۇقتىلار شۇ چاغدىكى بارلىق فېمىنىستلار تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىنى «ئاياللارنىڭ كەسپىي ھاياتى ئەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىدىن كۆپ مۇھىم» دېگەن جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا بولاتتى. (ئۇنىڭ جورىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئەمەس، ئەرزىمەس بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئىدى. دەرۋەقە، مارگارېت ساچېر بىز بىلەن بىللە غىزالانغاندا، ئۇنىڭ ئېرى باشقا ئاياللار بىلەن سالونغا چىقىپ كەتكەنىدى).

مەن ئوقۇغان سانت پاۋلس (St Paul's) دېگەن شەخسىي مەكتەپتە، «ساچېرنىڭ قىزلىرى» بولمىش بىزلەر نىكاھ ۋە ئاياللىقتىن يىراق ياشاشنى تەرغىب قىلىدىغان تەربىيەنى قوبۇل قىلغانىدۇق.

توي قىلمىغان بىر ساۋاقدىشىم مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنى نىكاھنى نومۇسسىزلىقتەك ئويلايدىغان قىلىپ قويغانىدى، ئەنگلىيەلىك ئوقۇتقۇچۇم بىر قېتىم توي ۋۇرنىلى ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن مېنى مازاق قىلغانىدى، كېيىن ئۇ ئەرلەرنى ئالۋاستى دەپ سۈپەتلەيدىغان، ئاشقۇن فېمىنىستقا ئايلاندى.»

ھەممىمىزگە «سانت پاۋلس قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تاماق ئەتمەيدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ» دەپ تەلقىن قىلىنغانىدى. ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ياشلىق چاغلىرىڭىزدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ياخشى بىلىنەتتى، ئەمما قىزلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ئەمەلدار ياكى يۇقىرى سوتنىڭ سوتچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقالمايتتى. بۇ فېمىنىزم بىزگە دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان مۇھىم نۇقتا ئىدى.

تارىخقا نەزەر سالغاندا، فېمىنىستچە تالاش-تارتىشنىڭ ئاساسى باردەك كۆرۈنىدۇ. ئۆتمۈشتە، ئاياللار ئالدى بىلەن دادىسغا، ئاندىن ئېرىگە باغلىنىپ ياشايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەۋەس قىلغۇچىلىكى يوقتەك تۇيۇلاتتى. ھالبۇكى، ئاياللار ياخشى تەربىيە كۆرسە، راھەت تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتى ۋە ئەرلەرنىڭ ئىجازىتىگە موھتاج بولمايتتى. ئايال كىشىنىڭ توي قىلىش ۋە باللىق بولۇش ئارزۇسى باشقا ھەممە نەرسىنى بېسىپ چۈشكەندە، ئۇ چوقۇم خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالاتتى.

دۇنيا دەسلەپكى فېمىنىستلارنىڭ چۈشىنىشى تەس بولغان شەكىلدە ئۆزگەردى. بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن ــ دوستلىرىمىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ ــ غەرب ھازىر فېمىنىزم پەلسەپىسىنى سىغدۇرالماس ھالغا كەلدى، فېمىنىزم ئەمدىلىكتە زىيانلىق بولۇپ قالدى.

مەسىلەن، بىزگە ئوخشاش ئەللىك ياشتىن ھالقىغان، جورىسىز فېمىنىستلارنىڭ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟

بەختسىزلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۆزىنى سۆيۈلمىگەندەك ھېس قىلىشتۇر. ھالال نىكاھ ۋە سۆيۈلۈش ھېسسىياتى بولسا خۇشاللىقنى ھەممىدىن بەك كۈچەيتەلەيدۇ.

ئەللىك ياشتىن ئاشقان ھەر ئون نەپەر ئەنگلىيەلىك ئايالنىڭ بىرى ئەزەلدىن توي قىلمىغان ۋە يالغۇز ياشايدۇ، بۇ ھەم كۆڭۈلسىز، ھەم ناساغلام ياشاش تەرزىدۇر.

مېنىڭ 55 ياشلىق دوستۇم سەلىي (Sally) بىر قېتىم مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمنى ھەمىشە قارشى ئېلىنمايدىغاندەك ھېس قىلىمەن، چۈنكى فېمىنىزم بىزگە <ئەنئەنىۋى ئاياللىق ئەرلەر بىزنى ئېزىش ئۈچۈن كەشىپ قىلغان دوگما ئوبرازدۇر> دېگەننى تەلقىن قىلغانىدى، شۇڭا مەن ئەرلەردىن نەپرەتلەنىدىم، ھەتتا ئۇلارنى يېنىمدىن قوغلىدىم، ئەمدى بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتىمەن.»

ئامېرىكادىكى بىر تىببىي تەتقىقات ئاپپاراتىنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتىغا كۆرە، يالغۇزلۇق ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردىكى چۈشكۈنلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەب ئىكەن. كاشكى بۇنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ... يېقىندا مەنمۇ رەھىمسىز روھىي كېسەلنىڭ قۇربانىغا ئايلاندىم.

جورىسىز دوستلىرىمنىڭ نۇرغۇنى چۈشكۈنلۈك كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتماقتا، بۇنىڭغا سەرگەردان مۈشۈكلەرمۇ ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدىغان تەنھا تۇرمۇش سەۋەب بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەسىلىنىڭ ئىقتىسادىي تەرىپىمۇ بار. مەن تونۇيدىغان جورىسىز ئاياللارنىڭ نۇرغۇنى تۆۋەن ۋە ئوتتۇراھال كىرىملىك كەسىپلەردە ئىشلەيدۇ.

بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى بولغان بىر دوستۇم مۇنداق دېدى: «يالغۇز ئاياللارنىڭ جورىسىنىڭ ياردىمىسىز چىقىملىرىنى قامدىشى بارغانسېرى تەسكە توختاۋاتىدۇ. مىليونلىغان ئايال ئازغىنە كىرىم بىلەن ياشايدۇ.»

«فېمىنىزم ئىزچىل ھالدا ماڭا <مالىيەۋى مۇستەقىللىق غايىۋى ھالەتتۇر> دېگەن چۈشەنچىنى تەلقىن قىلغانىدى، ئەمما خەتەردىن ساقلىنىش فوندىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ياكى ئەڭ كۆپ سېتىلىدىغان رومانىنىڭ ئاپتورى بولمىسىڭىز، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.»

شۇنىڭغا ئوخشاشلا كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى شۇكى، جورىسىز ئاياللارنىڭ نۇرغۇنى ئۆزىنى تۇرمۇشتا مەغلۇپ بولغاندەك ھېس قىلىدۇ. فېمىنىزم بىزنى كۆچلەندۈرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە تەشۋىشكە مۇپتىلا قىلدى. «كەسپىي ھاياتىم تۇرغۇنلۇقتا، مەن ئەزەلدىن توي قىلىپ باقمىدىم، ئۆزۈمنى تولىمۇ ئەرزىمەس ھېس قىلىمەن» دېدى 53 ياشلىق كونا دوستۇم راشېل.

ئاياللاردىكى ئىشەنچ ئىزچىل ھالدا ــ بولۇپمۇ ھالال نىكاھلىق ئېرى تەرىپىدىن ــ سۆيۈلۈشتىن كېلىدۇ. ئېرى ۋە بالىسى بار ئاياللارنىڭ ئۆلارنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشى ئادەتتىكى ئىشتەك قىلىسمۇ، بۇ ئۇنىڭ روھىي ساغلاملىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم.

ۋەھالەنكى، ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئورگانلارنىڭ ھېچبىرى فېمىنىزمنىڭ زىيىنىغا ئائىلىدەك ئۇچرىغان ئەمەس. فېمىنىستچە غايىسى بار نۇرغۇن ئاياللار خىزمەت ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئائىلە ئاياللىرىنىڭ كەمستىلىشى سەۋەبىدىن، باللارنى بېقىش يۈكى ئىلگىرىكى ئاياللارنىڭكىدىن كۆپ ئېغىر بولۇپ كەتتى دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، تۇغۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟

دۆشەنبىلىك گۇرۇپپامدىكى يەنە بىرەيلەن مۇنداق دېدى: «ماڭا بارچە <يوك>تىن، بولۇپمۇ بالىدىن خالىي بولۇش، ئەڭ كەمىدە كەسپىي ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا قەدەر شۇنداق قىلىش كېرەكلىكى ئۆگىتىلدى. لېكىن، ئەمدى مەن قېرىپ كەتتىم، ئۇ پۇرسەت قولدىن كەتتى.»

يېقىندا، مەن چۈشكۈنلۈك كېسىلىم سەۋەبلىك بارغانسېرى ئاجىزلىغاندىن كېيىن، ئۆيۈمدە 20 ياشلىق بىر قىز ئوقۇغۇچى تۇرۇشقا باشلىدى. ئۆزئارا تونۇشۇپ بىر ھەپتە بولغاندا، مەن ئوتتۇز ياشتىن بۇرۇن توي قىلماسلىق ۋە باللىق بولماسلىق ئۇقۇمىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ئۇ مەزكۇر تەكلىپنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى.

قىسقىسى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئايال كىشىدەك ياشىغۇسى بار ئىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «شۇنداق، مەن ئاياللار تېگىشلىك ھوقۇققا ئېرىشىشى كېرەك دەپ قارايمەن، ئەمما مەن ئاپام مېڭىسىگە سىڭدۈرۈۋالغان رادىكال فېمىنىزمغا قارشى. ئۇ بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن.»

ياشلىقىمدا ماڭا سىڭدۈرۈلگەن فېمىنىزم خاتا ھالدا ئاياللارغا ئەرلەرگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشنى ۋە ئويلاشنى تەلقىن قىلدى. بۇ تولىمۇ ئېغىر خاتالىق ئىدى، ماڭا ئوخشاش ئاياللار ئويۇن نەتىجىسى ئالدىن بەلگىلىۋېتىلگەن قىمارخانىدىكى قىمارۋازلارغا ئوخشاش، بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىمەكتە.

بۇ جەمئەتتىكى كۈلتۈرەل چۈشەنچىنى قايتىدىن تەڭشەشنىڭ ۋاقتى كەلدى. مەن ۋە دوستلىرىم بەكلا كېچىككەن بولۇشىمىز مۇمكىن، ئەمما فېمىنىزمنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىشىغا يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.dailymail.co.uk/femail/article-13435575/PETRONELLA-WYATT-single-childless-Feminism-failed-generation.html



# زەرچۆۋەنىڭ خاسىيەتلىرى

جوش ئاكس

# زەرچىۋەنىڭ خاسىيەتلىرى

جوش ئاكس

زەرچىۋە ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى قورۇمىسى كېرىيدىكى (curry) ئاساسلىق تېتىتقۇ بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر زەرچىۋەنى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۆسۈملۈك دەپ قارايدۇ. زەرچىۋەنىڭ پايدىسىنى ئىسپاتلىغان ـــ بولۇپمۇ ئۇنىڭ داڭلىق شىپالىق تەركىبى كۇركۇمىنغا (curcumin) ئالاقىدار ـــ مىڭلىغان تەتقىقاتلار مەۋجۇت.

كۇركۇمىن زەرچىۋەنى «شىپالىق يېمەكلىك»كە، يەنى ئىنسانلارنى ئوزۇقلۇق ماددىسى بىلەن تەمىنلەشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغان يېمەكلىككە ئايلاندۇرغان.

زەرچىۋەنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى ـــ بولۇپمۇ ھىندى تېبابىتى ۋە ئەنئەنىۋى خىتاي تېبابىتىدە ـــ ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ئاغرىق توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، خولېستېرىن ۋە قان شېكىرىنى تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە 5000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

ماقالىمىزنىڭ داۋامىدا زەرچىۋە ۋە كۇركۇمىننىڭ چوڭ مېڭە، يۈرەك، بوغۇم، تېرە ۋە باشقا ئەزالارغا بولغان پايدىلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

## زەرچىۋە زادى نېمە؟

زەرچىۋە ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەردە ئۆسىدىغان زەرچىۋە ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر.

زەرچىۋە ئۆسۈملۈكىنىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى ئۆزگىچە سېرىق ئۇۋاققا ئايلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ «ئالتۇن تېتىتقۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زەرچىۋەنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، ئانچە-مۇنچە ئىپار پۇرىقى بار.

## زەرچۆەنىڭ پايدىلىرى

زەرچۆە نېمە ئۈچۈن سىزگە پايدىلىق؟ بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەركىبىدە پولىفېنولنىڭ بىر تۈرى بولغان كۇركۇمىنلار (Curcuminoids) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە خىل خىمىيەلىك بىرىكمە بار. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئەڭ ئاكتىپ ماددا كۇركۇمىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش ۋە راكقا قارشى تۇرۇش رولى بارلىقى مەلۇم.

تۆۋەندە زەرچۆە بىلەن كۇركۇمىننىڭ بىر قىسىم ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى ۋە سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

1. قان نوكچىسى شەكىللىنىشنى ئاستىلىتالايدۇ ياكى ئالدىنى ئالالايدۇ

تەجرىبىخانىدىكى ۋە ھايۋان تېنىدىكى تەتقىقاتلاردا بىردەك كۆرسىتىلىشىچە، زەرچۆە ئىستېمال قىلىش قان پىلاستىنكىلىرىنىڭ يىغىلىشىنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىپ، قان نوكچىسى شەكىللىنىش خەۋپىنى تۆۋەنلەتكەن.

يەنە بەزى پاكىتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، كۇركۇمىن قان تومۇرلىرىدا نوكچا شەكىللىنىش خەۋپى يۇقىرى بولغان ۋە بوغۇم ئاغرىقىغا قارشى داۋالاشقا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

2. چۈشكۈنلۈك كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئازايتىشى مۇمكىن

زەرچۆە چۈشكۈنلۈك كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى كۇركۇمىن مېڭە ھاسىل قىلغان نېرۋا توقۇلمىلىرىنى يېتىلدۈرگۈچى ئامىللار (Neurotrophic factors) ئارقىلىق نېرۋا يەتكۈزگۈچى ماددىسىنىڭ (neurotransmitter) ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

«Phytotherapy Research» ژۇرنىلى ئېغىر چۈشكۈنلۈك كېسىلى دەپ دىياگنوز قويۇلغان ئاتمىش نەپەر پېدائىي قاتناشقان 2014-يىلىدىكى تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. ئىشتىراكچىلار كۇركۇمىن ياكى فلوكستىن (fluoxetine) بىلەن، ياكى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسى بىلەن داۋالانغان. نەتىجىدە، ئالتە ھەپتە ئىچىدە، كۇركۇمىن چۈشكۈنلۈك كېسىلىنى داۋالاشتا فلوكستىنغا ئوخشاش ئۈنۈملۈك بولغان.

2020ـ يىلىدىكى مېتا تەھلىل (meta_analysis — ئوخشاش تەتقىقات مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى نىشان قىلغان كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق بىرىكتۈرۈلۈشى.ـ ت) نەتىجىسىدە مۇنداق دەپ يەكۈن چىقىرىلغان: كۇركۇمىن ئادەتتە چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردا ئەكس تەسىر پەيدا قىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆلچەملىك داۋالاشقا قوشۇلسا، چۈشكۈنلۈك ۋە تەشۋىش ئالامەتلىرىنى ياخشىلايدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى تەتقىقات بۇنى دەلىللەيدۇ.

بىرىنچى تەتقىقاتقا 56 ئادەم (ئەر-ئايال)، ئىككىنچى تەتقىقاتقا 108 نەپەر ئەر قاتناشقان. ھەر ئىككى تەتقىقاتتا بەزلەش دورىسى (placebo) ئىشلىتىلگەن، ئەمما كۇركۇمىن ھېچقانداق ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش دورىلىرىغا سېلىشتۇرۇلمىغان، شۇنداقلا ھەر ئىككى تەتقىقاتتا كۇركۇمىننىڭ چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرىنى ئازايتىشتا بەزلەش دورىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكى بايقالغان.

### 3. ياللۇغ قايتۇرىدۇ

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۇركۇمىننىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرىپى ئۇنىڭ ياللۇغنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدۇر. «ئونكوگېن» ژۇرنىلى بىر نەچچە خىل ياللۇغ قايتۇرۇش بىرىكمىسىنى باھالىغان بىر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كۇركۇمىن دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ياللۇغ قايتۇرۇش بىرىكمىلىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

كۇركۇمىن بىلەن ئالزھايمېر كېسەللىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە ھايۋان سىناقلىرى تاماملاندى. چاشقانلاردا كۇركۇمىن «مەۋجۇت ئامىلويىد (amyloid) كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نېرۋا ئاجىزلىقى»نى ياخشىلىغان بولۇپ، بۇلار(يەنى مەۋجۇت ئامىلويىد كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نېرۋا ئاجىزلىقى) سوزۇلما خاراكتېرلىك ياللۇغلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ نېرۋا كېسەللىكىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدۇر. بۇ تەتقىقات زەرچۆپنىڭ تەركىبىدىكى كۇركۇمىننىڭ ئالزھايمېر كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرىنى پەسەيتىشكە ياردىمى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

### 4. تېرە ساغلاملىقىنى ياخشىلايدۇ

2021ـ يىلدىكى سىستېمىلىق تەكشۈرۈشكە كۆرە، زەرچۆپنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتىنىڭ ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

زەرچىۋە تېرىنىڭ پارقىراقلىقىنى ئاشۇرۇپ، جاراھەتنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ، تەر تۆشۈكچىلىرىنى راھەتلىتىپ، دانىخورەكنى ۋە دانىخورەك ئىزىنى ئازايتىدۇ ھەمدە تەڭگە تەمرەتكىنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇ يەنە قىچىشقاق، ئېغىز بوشلۇقىدىكى ياپىلاق مۈخ (lichen planus)، يۈز قىزىرىش ۋە ھەرخىل تېرە راكىنى داۋالاشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

814 ئىشتىراكچى قاتناشقان كونترولسىز دەسلەپكى سىناقتا، زەرچىۋە قۇيمىقىنىڭ ئۈچ كۈندىن 15 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا، 97 پىرسەنت قىچىشقاق كېسىلىنى داۋالىيالايدىغانلىقى كۆرسىتىلدى.

5. بوغۇم ياللۇغى ئالامەتلىرىنى داۋالاشقا ياردەم بېرىدۇ

كۇركۇمىننىڭ كۈچلۈك ياللۇغ قايتۇرۇش ۋە ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى بار بولغاچقا، رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان 45 بىمار ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا، زەرچىۋەنىڭ تەركىبىدىكى كۇركۇمىننىڭ ساغلاملىققا بولغان پايدىلىرى دىكلوفېناك ناترىي (diclofenac sodium) دېگەن بوغۇم ياللۇغى دورىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى.

تەتقىقاتتا پىدائىيلار پەقەت كۇركۇمىن قوللىنىدىغانلار، پەقەت دىكلوفېناك ناترىي قوللىنىدىغانلار ۋە ئىككىسىنى تەڭ قوللىنىدىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىلدى. سىناق نەتىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى:

نوقۇل ھالدا كۇركۇمىن قوللانغانلارنىڭ ئومۇمىي ياخشىلىنىش ئەھۋالى ئەڭ ياخشى بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى نەتىجىسى دىكلوفېناك ناترىي قوللانغانلارنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشى بولغان. تېخىمۇ مۇھىمى، كۇركۇمىن بىلەن داۋالىنىشنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكى ۋە ھېچقانداق ئەكس تەسىرى يوقلۇقى بايقالغان.

مەۋجۇت ئىختىيارى كونتروللۇق سىناقلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە كۆرە، بۇ ئۆلچەمگە يەتكەن سەككىز تۈرلۈك تەتقىقاتنىڭ ئېيتىشىچە، «بۇ (ئىختىيارىي كلىنىكىلىق سىناقلار) زەرچىۋە جەۋھىرىنىڭ (كۈنىگە تەخمىنەن 1000 مىللىگرام كۇركۇمىن) بوغۇم ياللۇغىنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمىنى ئىسپاتلايدىغان ئىلمىي پاكىت بىلەن تەمىنلىگەن.»

6. بەزى راكلارنى داۋالاش ياكى ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ

تەتقىقاتچىلار كۇركۇمىننىڭ كېسەللىكنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان ھەر خىل تەتقىقاتلارنىڭ ئېيتىشىچە (مەزى بېزى راكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل) راكلار ئەڭ مەركەزلىك

تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ مەزى بېزى راكى، ئاشقازان ئاستى بېزى راكى ۋە باشقا راكلارنى داۋالاشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

«ئەنگلىيە راك تەتقىقات يۇرتى» قاتارلىق دۇنياۋى نوپۇزلۇق ئورگانلارغا كۆرە:

زەرچىۋەنىڭ ئاساسلىق ئاكتىپ تەركىبى كۇركۇمىندۇر. تەجرىبىخانا تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، كۇركۇمىنىنىڭ راكقا قارشى تۇرۇش رولى بار. ئۇ راك ھۈجەيرىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ سۈت بېزى راكى، ئۈچەي راكى، ئاشقازان راكى ۋە تېرە راكى ھۈجەيرىلىرىگە قارشى ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

بايلور سكوت ۋە ۋايت (Baylor Scott & White) تەتقىقات يۇرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ 2017-يىلى 7-ئايدىكى ھايۋانلار تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، كۇركۇمىن ئاشقازان ئاستى بېزى راكىنىڭ تاجاۋۇزچى (aggressive) شەكلى بولغان ئاشقازان ئاستى بېزى نەيچىسى ئۆسمىسىنىڭ خىمىيەلىك ماددىلارغا بولغان چىداشلىقىنى يوقىتالىشى مۇمكىن ئىكەن.

7. دىئابېت كېسىلىنى كونترول قىلىشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن

2009-يىلى، «بىيو-خىمىيە ۋە بىئوفىزىكا تەتقىقات ئالاقىسى» (Biochemistry and Biophysical Research Communications) ژۇرنىلى ئاۋبۇرن ئۇنىۋېرسىتېتى تەجرىبىخانىسىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتتا كۇركۇمىنىنىڭ قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش يوشۇرۇن كۈچى ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن. تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، زەرچىۋە تەركىبىدىكى كۇركۇمىن AMPK ئېنزىمنى قوزغىتىشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان دىئابېت دورىسى مېتفورمىندىن 400 ھەسسە كۈچلۈك ئىكەن.

كۇركۇمىنىڭ ئېچىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان «تېتراھىدروكۇركۇمىن» (Tetrahydrocurcumin) دېگەن بىرىكمە بەزى ھۈجەيرىلەردە AMPK نى مېتفورمىندىن 100 مىڭ ھەسسە ئارتۇق قوزغاتقان. AMPK نىڭ قوزغىتىلىشى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن 2-تىپلىق دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشنىڭ يادروسى دەپ قارىلىدۇ، بۇ مۇشۇ خىل ئېنزىمنى قوزغىتىشنىڭ ئىنسۇلىن قارشىلىقىنى تۆۋەنلىتىش ۋە دىئابېت كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دىئابېتنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەگەشمە كېسەللىكلىرىدىن بىرى «دىئابېت مەنبەلىك نېرۋا پاتالوگىيەلىك ئۆزگىرىشى» (diabetic neuropathy) دەپ ئاتىلىدىغان نېرۋا زەخمىسىدۇر. بۇنىڭ كۆپ خىل شەكلى بار بولۇپ، پۈتۈن بەدەندە مۇسكۇل ئاجىزلىقىدىن قارىغۇلۇققىچە بولغان ئېغىر كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

چاشقانىنىڭ تېنىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كۇركۇمىن تولۇقلاش دىئابېت مەنبەلىك چۆرە نېرۋا پاتالوگىيەلىك ئۆزگىرىشى ئاغرىقىنى (peripheral neuropathic pain — كۆپىنچە پۇت، پاچاق، بىلەك ۋە قولدا كۆرۈلىدۇ) كۆرۈنەرلىك ئازايتقان. دىئابېت مەنبەلىك نېرۋا پاتالوگىيەلىك ئۆزگىرىشى يەنە بۆرەك زەئىپلىشىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىختىيارى كونترول قىلىنغان سىناقلارنىڭ مېتا تەھلىلى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھايۋانلارغا كۇركۇمىن بېرىلگەندە، بۇ دىئابېت كېسىلى بار ۋۇجۇدتىكى بۆرەكنى دىئابېت خاراكتېرلىك بۆرەك كېسەللىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياندىن قوغدايدۇ.

### 8. سېمىزلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ

«بىيوئامىللار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، تەجرىبە نەتىجىسىگە كۆرە، كۇركۇمىن ماي ھۈجەيرىسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلىشى مۇمكىن.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، كۇركۇمىننىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى سېمىزلىكنىڭ ياللۇغلاش (inflammatory) جەريانىنى ئۈنۈملۈك تورمۇزلىيالايدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن سېمىزلىك ۋە ئۇنىڭ «سالامەتلىككە بولغان پايدىسىز تەسىرى» تۆۋەنلەيدۇ.

### 9. ياللۇغ خاراكتېرلىك ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى تىزگىنلەشكە ياردەم بېرىدۇ

كۇركۇمىننىڭ يارا خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغىنى داۋالاش ئىقتىدارىنى باھالايدىغان بارلىق تەتقىقاتلارغا قارىتىلغان چوڭقۇر تەھلىلدە بايقىلىشىچە، ئىنتايىن ياخشى لايىھەلەنگەن بىر سىناق «كۇركۇمىن + مېسالازىن» (mesalazine) ھەمدە «بەزلەش دورىسى + مېسالازىن»نىڭ ئۈنۈمىنى سىنىغان.

ئالتە ئاي داۋاملاشقان بۇ تەتقىقات جەريانىدا، پەقەت بەزلەش دورىسى ۋە مېسالازىن ئىستېمال قىلغان بىمارلاردا يارا خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغىنىڭ قايتا قوزغىلىش ياكى تۈيۇقسىز ئېغىرلىشىش

ئېھتىماللىقى تۆت ھەسسە يۇقىرى بولغان بولۇپ، بۇ كۇركۇمىنىنىڭ بۇ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئۈنۈمىنى ساقلاش رولى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كىچىك تىپتىكى بىر سىناق تەتقىقاتتا كۇركۇمىن تولۇقلاشنىڭ يارا خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغى ۋە كروھن كېسىلىگە (Crohn's disease) گىرىپتار بولغان بىمارلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى تەكشۈرۈلگەن.

گەرچە ئەۋرىشكە كۆلىمى ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ، ئەمما سىناققا قاتناشقان يارا خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ ھەممىسى ۋە كروھن كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەش بىمارنىڭ تۆتىنىڭ ئەھۋالى ئىككى ئاي ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بولۇپ، بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ زىيادە سېزىمچان ئۈچەي ئۈنۈۋېرسال كېسەللىكى (irritable bowel syndrome) ۋە باشقا ياللۇغ خاراكتېرلىك ئۈچەي كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى داۋالىشىدىنمۇ ئۈمىد بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 10. خولېستېرىننى تەڭشىيەلىشى مۇمكىن

2017-يىلىدىكى بىر مېتا تەھلىلدە مۇنداق خۇلاسە چىقىرىلغان: زەرچىۋە ۋە كۇركۇمىن قان زەردابى لىپىدىنىڭ (lipid — ئۆسۈملۈك مېيى ۋە ستېروئىدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۇدا ئېرىمەس ھەر قانداق تەبىئىي ماددا.—ت) سەۋىيەسىنى ياخشىلاش ئارقىلىق يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى بار بىمارلارنى قوغدىيالايدۇ. كۇركۇمىننى ئەنئەنىۋى دورىلارغا قوشۇپ تولۇقلىما ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، «Drugs in R&D» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىسىدە بايقىلىشىچە، ئىنسانلاردىكى يۇقىرى خولېستېرىننى داۋالاشتا، كۇركۇمىننى ئوكسىدلىنىش سېزىمچانلىقى ۋە ياللۇغنى ئازايتىشتا ئاتورۋاستاتىن (atorvastatin) بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىكەن.

## 11. تەبىئىي ئاغرىق پەسەيتكۈچ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ

كۇركۇمىننىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئەڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىنغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئاغرىق پەسەيتىش ئىقتىدارىدۇر. بۇسۇش خاراكتېرلىك تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشلەردە كۇركۇمىنىنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە قارىتا تەبىئىي ئاغرىق پەسەيتكۈچلۈك رولى ئوينىشى مۇمكىنلىكى بايقالدى:

- جاراھەت ۋە كۆيۈك ئاغرىقى

- ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى ئاغرىق
- ياللۇغ مەنبەلىك بوغۇم ياللۇغى ئاغرىقى
- يىغىلىشچان يارا مەنبەلىك نېرۋا ئاغرىقى
- ئېغىز-يۈز ئاغرىقى (ئېغىز، جەينەك ۋە يۈزگە ئالاقىدار بولۇپ، كۆپىنچە چىش مەسىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك)
- يىغىلىشچان سوزۇلما خاراكتېرلىك زەخىملىنىشتىن مەنبەلەنگەن ئولتۇرغۇچ سۆڭەك نېرۋىسى ئاغرىقى
- بوغۇم ياللۇغى/بوغۇم ئاغرىقى

12. زەھەر تازىلاشقا ياردەم بېرىدۇ

زەرچىۋە ۋە كۇركۇمىن ئىستېمال قىلىش جىگەرنىڭ ئۈنۈملۈك زەھەر تازىلىشىغا ۋە راك پەيدا قىلغۇچى بەزى خەتەرلىك ماددىلارنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ «زەھەرلىك يات ماددا» (xenobiotics) دەپ ئاتىلىدىغان، مۇھىت ۋە يېمەكلىكتىكى زەھەرلىك ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

بۇ جەريان زەرچىۋەنىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ۋە ياللۇغ قايتۇرغۇچى ماددىلىرى بىلەن ماس قەدەمدە رول ئويناپ، ھەر خىل جىگەر ۋە ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ.

13. بوغۇم ساغلاملىقىنى ياخشىلايدۇ

«دورىلىق يېمەكلىكلەر ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان ئىختىيارىي كىلىنىكىلىق سىناقلارنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ۋە مېتا تەھلىل قىلىش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، زەرچىۋەنى تولۇقلىما سۈپىتىدە ئىستېمال قىلغاندا، بوغۇم زەئىپلىكى، ھەرىكەتچانلىقى ۋە بىئاراملىقى قاتارلىق بوغۇم ياللۇغى ئالامەتلىرىنى پەسەيتكىلى بولىدىكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، كۆپلىگەن تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، كۇركۇمىن تولۇقلاش چېنىقىشتىن كېلىپ چىققان بوغۇم بىئاراملىقىنى پەسەيتەلەيدىكەن. بۇ قىسمەن ئۇنىڭ ياللۇغنى تەڭشەش ئىقتىدارىدىن مەنبەلەنگەن.

14. مۇسكۇللارنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ

«يېمەكلىك ئىلمى ۋە ئوزۇقلۇق ئوبزورى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تەتقىقاتتا، كۇركۇمىننىڭ چېنىقىشتىن كېيىنكى ئەسلىگە كېلىشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى تەكشۈرۈلگەن. ئۇنداقتا تەتقىقاتچىلار نېمىلەرنى بايقىغان؟

كۇركۇمىننى ئاساس قىلغان ھەر خىل مۇداخىلىلەر`قىدىقدىق ئاغرىق ۋە زەئىپلىكنىڭ كىشى تەرىپىدىن ھېس قىلىنىش كۆرسەتكۈچىنى تۆۋەنلەتكەن، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملەنگەنلىكىگە ئائىت ئىسپاتلارنى ئازايتقان، ياللۇغلىنىش ئالامەتلىرىنى پەسەيتكەن، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۈچەيتكەن، ئوكسىدلىنىش سېزىمچانلىقىنى تۆۋەنلەتكەن، AGEs ئالامەتلىرىنى ئازايتقان ھەمدە كۈچەپ يۈگۈرۈش جەريانىدا بىر پۈتتىكى ئوتتۇرىچە قۇۋۋەت خورىشىنى ئازايتقان.

ئاپتورلار «تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىزچىل تەرزدە دوكلات قىلىنمىغان» دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

مەسىلەن، كۇركۇمىن ۋە پىپېرىن (piperine) تولۇقلاشنىڭ چېنىقىشتىن مەنبەلىنىدىغان مۇسكۇل زەخىمىسىگە بولغان تەسىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تەتقىقاتچىلار مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: «چېنىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كۇركۇمىن ۋە پىپېرىن تولۇقلاش مۇسكۇل زەخىملىرىنى تامامەن يوقاتمىسىمۇ، قىسمەن ئازايتالايدۇ.»

«ئامېرىكا فىزئولوگىيە ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان چاشقانلارنىڭ ئېگىز-پەس يۈگۈرۈشكە ئالاقىدار يەنە بىر تەتقىقاتتا، كۇركۇمىن تولۇقلاشنىڭ چېنىقىشتىكى ئىپادىگە ۋە ئەسلىگە كېلىشكە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى كۆرسىتىلدى. تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، «كۇركۇمىن ياللۇغنى ئازايتىپ، چېنىقىشتىن مەنبەلەنگەن غەلىتە مۇسكۇل زەخىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ناچار ئىپادىلەرنى ياخشىلىيالىشى مۇمكىن.»

ئوزۇقلۇق تەركىبى

بىر تاماق قوشۇقى (تەخمىنەن 9 گرام) زەرچۆپ تالقىنىنىڭ تەركىبىدە مۇنۇلار بار:

- 29 كالورىيە

- ئالتە گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى (شېكەر ماددىسى)
- بىر گرام ئاقسىل
- 0.3 گرام ماي
- ئۈچ گرام تالا
- 1.86 مىللىگرام مانگان (كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 26 پىرسەنتى)
- بەش مىللىگرام تۆمۈر (كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 16 پىرسەنتى)
- 0.01 مىللىگرام ۋىتامىن B6 (كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 6 پىرسەنتى)
- 196 مىللىگرام كالىي (كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 5 پىرسەنتى)
- 19 مىللىگرام ماگنىي (كۈندىلىك زۆرۈر مىقدارنىڭ 3 پىرسەنتى)

قانداق ئىستېمال قىلىمىز؟

زەرچىۋە رېتسېپلىرى:

زەرچىۋەنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى نېمە؟

مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان رېتسپلارنىڭ بىرى زەرچىۋە چېيىدۇر، بۇ بەزىدە «سۇيۇق ئالتۇن» ياكى «ئالتۇن سۈت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چايغا كوكۇس سۈتى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. «كوكۇس سۈتىنىڭ تەركىبىدىكى ياغ ساغلام ئەمەس» دېگەن گەپكە ئىشەنمەڭ. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ ياغ بەدەننىڭ زەرچىۋەنى تېخىمۇ ياخشى سۈمۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

قانچىلىك ئىستېمال قىلىش كېرەك؟

تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، تۆت ھەپتىدىن يەتتە ھەپتىگىچە ھەر كۈنى ئالتە گرام (زەرچىۋە ئەمەس) كۇركۇمىننى ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىش بىخەتەر ئىكەن.

ھالبۇكى، بەزىدە مۇشۇ مىقداردا كۇركۇمىن ئىستېمال قىلغاندا، ھەزىم قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق بەزى ئەكس تەسىرلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن. تەركىبىدە كۇركۇمىن بار قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىر نەچچە ئاي، كۈندە ئىككى قېتىم 500 مىللىگرامدىن ئىستېمال قىلىنغاندا، ئىنسانلار ئۈچۈن بىخەتەردۇر.

خەترى ۋە ئەكس تەسرى

زەرچىۋەنىڭ قانداق ئەكس تەسرلىرى بار؟ ئادەتتە زەرچىۋەنى ئىستېمال قىلىش ناھايىتى بىخەتەر بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئەھۋاللاردا، زەرچىۋەنىڭ سەزگۈرلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى — بولۇپمۇ تېرىگە تەگكەندىن كېيىن — توغرىسىدا پاكىتلار مەۋجۇت. ئادەتتە، بۇنداق ئەھۋالدا، يېنىك دەرىجىدە قىچىشىش كۆرۈلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، كۆپ مىقداردا زەرچىۋە (كۆپىنچە تولۇقلىما شەكلىدە) ئىستېمال قىلىشنىڭ بەزى ئېھتىماللىي ئەكس تەسرلىرى بار. مەسىلەن:

- كۆڭلى ئاينىش
- ئىچى سۈرۈش
- قاناش خەۋپىنىڭ ئېشىشى
- جىگەر ئىقتىدارىنى تەكشۈرگەندە، بەزى ماددىلارنىڭ مىقدارىنىڭ ئېشىپ كېتىشى
- ئۆت خالتىسىنىڭ زىيادە تارىيىپ كېتىشى
- تۆۋەن قان بېسىمى
- ھامىلدار ئاياللاردىكى بالىياتقۇ تارىيىش
- ھەيز مىقدارىنىڭ ئېشىشى

ئەگەر ۋۇجۇدىڭىزدا بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بولسا، زەرچىۋە ئىشلىتىشنى توختىتىپ، قايتىدىن زەرچىۋە تولۇقلىمىسى ئىستېمال قىلىشتىن ئىلگىرى دوختۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ.

ئىنگلىزچىدىن نېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://draxe.com/nutrition/turmeric-benefits-uses/





# باھارنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم زىمىستاننى كۆرۈش كېرەكمۇ؟

مەمەت ئېمىن دوختور

# باھارنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم زىمىستاننى كۆرۈش كېرەكمۇ؟

ئۇيغۇرلاردا «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىگە يەتمەس» دېگەن ماقالنى ھەممە ئادەم دېگۈدەك بىلىدۇ. بۇ ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن زامانلىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن يەكۈنلەپ چىققان ئەقلىيە سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «جاپا مۇشاققەت ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىغان ئىنسان، ئېرىشكەن ماددىي ـ مەنىۋي بايلىقلا ۋە ئېرىشكەن ياخشى كۈنگە شۈكۈر قىلمايدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. گەرچە ئۇ قارىماققا ناھايىتى لوگىكىغا ئۇيغۇن ۋە رېئاللىقىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بىر جۈملە سۆزدەك كۆرۈنسىمۇ، بىز بۇنى باشقا نۇقتىدىنمۇ ئويلاپ باقساق بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە «باھارنىڭ قەدرىگە يېتىشىم ئۈچۈن چوقۇم زىمىستان كۆرۈشۈم شەرتمۇ» دەپ ئويلاپ باقساق، بۇ ماقالدا ئىنسان ياخشى كۈننىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم دەرت ئەلەم ۋە جاپا مۇشاققەتنى باشتىن كەچۈرۈش زۆرۈردەك، ياكى باشقىلارنىڭ يامان كۈننى ئويلاپ ئۆزىمىز ئېرىشكەن ياخشى كۈنگە چوقۇم شۈكۈر قانائەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك، ئىنساننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قويىدىغان كۈچلۈك بىر پاسسىپ ئېلېمېنتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئىنسانلارنىڭ شۈكۈر ـ قانائەتچانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئىنساننى نۇرغۇن بىھۇدە بېسىمدىن ۋە نائىنساپلىقتىن خالى قىلىدۇ. شۈكۈر ـ قانائەتچان ئىنسانلار بېشىغا كەلگەن يامان كۈنلەرنى تاشقى ئامىل ياكى تۈزۈلمىنىڭ سەۋەبىدىن دەپ قارىماي، ئۇنى بىر سىناق دەپ قاراپ، ئۇنى كەلگۈسى ياخشى كۈنلەرنىڭ بېشارىتى قاتارىدا قوبۇل قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدەيدۇ ۋە ئۆز ئۆزىنى راھەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۆتمۈشتىكى گەرچە بەك باياشات بولمىسىمۇ، ئەمما تېنچ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيدۇ. بېشىغا كەلگەن يامان كۈنلەر ئۆتۈپ، ئازراق بولسىمۇ ئەركىن نەپەس ئالغىدەك شارائىتقا ئېرىشكەندە، ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان ۋە ئەمدىلا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يامان كۈنلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزگە قارشى قوللىنىپ كەلگەن سىياسەتلىرى ئىنساننىڭ مۇشۇ خىل پسىخىكىسىنى ئۈنۈملۈك قوللىنىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى دەل مۇشۇ پسىخىكىلىق قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن مىلىيونلىغان گۇناھسىز ئىنسانلارنى سەۋەبسىز لاگىر ياكى تۈرمىلەرگە سولاپ

جازالاپ، جازالانماسلىقنى ئەڭ چوڭ بەخت دەپ بىلىدىغان ياكى سەۋەپسىز جازالاپ «زىمىستان» كۆرسىتىپ قويۇپ، تۇرمىدىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئېرىشكەن «باھار» نىڭ قەدرىگە يېتىپ، خوش بولىدىغان ياكى شۈكرى قىلىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. خىتاينىڭ مەقسىتى، شەك شۈبھىسىزكى خەلقىمىزگە يەتكىچە «زىمىستان» كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى «باھار» نىڭ قەدرىگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنى مەڭگۈ ئۆزىگە قۇل قىلىشتۇر.

«باي دادا ۋە نامرات دادا» دېگەن كىتاپتا، باي دادىنىڭ ئۆز بالىسىنى قانداق تەربىيلىشى بىلەن بامرات دادىنىڭ ئۆز بالىسىنى قانداق تەربىيلىشىدىكى ئۇسۇللىرى ئۆز ئارا سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ،نامرات دادا بالىسىنى ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا «زىمىستان» كۆرسىتىپ، «باھار» نىڭ قەدرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى ھەربىيلىككە ئەۋەتىپ ۋيېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرىدۇ؛ ھەر زامان پۇل تېجەشنى ۋە ئېرىشكىنىگە شۈكۈر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بىر كۈنى ئۆمۈر بويى جاپالىق ئىشلىگەن ۋە زىمىستاننى كۆپ كۆرگەن ئۇ «نامرات دادا» خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، ئىشسىز قالىدۇ. باي دادا بولسا ئۆز بالىسىنى «زىمىستان» دىن يىراق تۇتۇپ، ئۇنى ھەر زامان «باھار» ئىچىدە تەربىلەپ، چوڭ قىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا پۇل تېجەشنى ئەمەس، پۇل خەجلەشنى ۋە ئۇ ئارقىلىق سودا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇچقاندەك يۈكسىلىپ بايلىققا ئېرىشىدۇ. نامرات دادىنىڭ بالىسى ھەممە نەرسىنىڭ باھاسىنى ياخشى بىلگەن بولسا، باي دادىنىڭ بالىسى نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىدۇ. ئاخىردا بۇ ھېكايىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە، «نامراتلارنىڭ پۇل ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى، بايلارنىڭ پۇلنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغانلىقى» بولىدۇ.

خىتاينىڭ دۆلەت باشقۇرغۇچىلىرى 2000 يىل ئىلگىرى يازغان «خەلقنى كونتورول قىلىشنىڭ 5 خىل ئۇسۇلى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «خەلق باي بولسا، ئەركىن ۋە باياشات ياشىسا، ئۇلارنى ئاسان خوش ۋە رازى قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئۇلارنى سېتىۋېلىش ياكى خالىغانچە كونترول قىلىش قىيىن بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار زىمىستاننى كۆپ كۆرسە، ھاياتى كەمبەغەللىك ۋە جاپا مۇشاققەت ئىچىدە ئۆتسە، ئۇلار ئاسان شۈكۈر قانائەت قىلىدىغان بولىدۇ؛ ئۇلارنى ئاز نەرسە بىلەن خوش ۋە رازى قىلغىلى بولىدۇ؛ كىچىك پايدىلار بىلەن ئۇلارنى سېتىۋالغىلى ۋە ياخشى كونترول قىلغىلى بولىدۇ؛ شۇڭا خەلقنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ۋە ئۇلارنى <باھار> نىڭ قەدىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا يەتكىچە <زىمىستان> كۆرسىتىش، زۇلۇم چەككۈزۈش، يوقسۇزلۇق ۋە جاپا مۇشاققەتنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىتقۇزۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار ئېرىشكەن كۈنىگە ئاسان شۈكۈر قىلىدىغان، <زىمىستان> نىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئېرىشكەن كۈنىنىڭ قەدرىگە ئوبدان يېتىدىغان ۋە ھاكىمىيەت ياكى تۈزۈمگە قاتتىق بوي سۇنىدىغان بولىدۇ.»

پسخىلوگىيە ئىلمىدا، مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش دېگەن بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ دېگەنلىك بىر ئىنسان ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىدىن مەھرۇم قىلىنغاندا، ئۇ ئىنسان ئۇ ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە بەدەل تۆلەشكە رازى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئەمما ناھايىتى ئەپسۇس، ئەگەر ئىنسان بۇ خىل مەھرۇم قىلىشنى تەقدىردىن كۆرسە، ئۇ چاغدا ئىنسان باشقىلار تەرىپىدىن مەھرۇم قىلىنغان ھەق ھوقۇقىغا قايتىدىن ئېرىشىشكە تىرىشمايدىغان ياكى باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئازراق باھارنىڭ قەدرىگە يېتىپ، شۈكۈر قانائەت قىلىدىغان بولىدۇ. ئىنسانلارنى روھىي جەھەتتە قۇل قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ دەل مۇشۇ قارىشى، پسخىكىسى ياكى روھىي ھالىتى ناھايىتى ياخشى قوللىنىلغان بولۇپ، باشقىلارنى روھىي جەھەتتە قۇل قىلماقچى بولغانلار، ئالدى بىلەن ئۇلارغا تەۋە بولغان ئىمتىياز ۋە ھەق قوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارغا يەتكىچە «زىمىستان» كۆرسىتىدۇ؛ ئاندىن ئۇلارغا ئازراق «باھار» يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئۇ «باھار» نىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇ «باھار» غا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بارا بارا ئۇلارغا ھېس قىلدۇرىدۇ. ياكى ئۇ خىل تونۇش ۋە ئاڭنى ئاستا ئاستا ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە كىرگۈزىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بېشىغا كەلگەن پۈتۈن كۈلپەت ۋە ئېغىر كۈنلەرنى ئۆزىدىن ياكى تەقدىردىن كۆرىدۇ؛ مەھرۇم قىلىنغان ياكى ئىرىشەلمىگەن ھەق ھوقۇقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنى روھىي جەھەتتە قۇل قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلار ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن «باھار» نىڭ قەدرىگە ئوبدان يېتىدىغان ۋە ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان بولىدۇ.

ئىنسان ھەقىقەتەنمۇ شۈكۈر قانائەت قىلىشنى بىلىدىغان ۋە ئېرىشكىنىنى قەدىرلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە  ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نىمەت دەپ بىلىپ، ئۇلارغا ئىگە بولۇشى، ئۇلاردىن مەھرۇم قىلىنغاندا، ئۆزىگە تەۋە ھەق ھوقۇقلارنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئىنسان ئۆزى ئۆتكۈزگەن خاتالىق ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ؛ ئەمما ئۇ تۆلىگەن بەدەل پەقەت ئۆتكۈزگەن خاتالىقنىڭ بەدىلى بولۇپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ «باھار» نىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قەدەم باسقۇچ دەپ قارىماسلىق كېرەك. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنى ئۆزىمىزگە تەۋە ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىپ، بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقان، بىزگە «زىمىستان» كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئۇ ئارقىلىق بىزنى «باھار» قەدرىگە يېتىدىغان قىلىش ئەمەس، بەلكى شۇ ئارقىلىق بىزنى ئۆزىگە قۇل قىلىشتۇر.



# ئامېرىكا پرېزىدېنتى خىتايغا قارشى سوغۇق ئۇرۇشتا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك

رەندىي شرايۋېر، دان بلۇمېنسال، جوش ياڭ

# ئامېرىكا پرېزىدېنتى خىتايغا قارشى سوغۇق ئۇرۇشقا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك

رەندىي شرايۋېر، دان بلۇمېنسال، جوش ياڭ

(بۇ ماقالە «تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

ئامېرىكا ھازىر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئىچىدە تۇرماقتا. ئەگەر ئامېرىكا بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلماقچى بولسا، پرېزىدېنت ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىستراتېگىيەگە جىددىي موھتاجدۇر. بۇنداق رەھبەرلىك بولمىسا، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان تۈتۈمى پارچە-پۇراتلىق، زىددىيەتلىك ۋە چېچىلاڭغۇلۇقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئامېرىكادا بۇنداق رەھبەرلىكنىڭ كەمچىل بولۇشى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ 2022-يىلى خىتاينىڭ 20-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدىكى تۈتۈمى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. ئەينى چاغدا شى جىنپىڭ خىتاينىڭ بارلىق قورال-جابدۇقلىرىنى «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش»قا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكاغا قارشى سوغۇق ئۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەنىدى.

ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇشتا بەكلا توخۇ يۈرەكلىك قىلدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، خىتاي «ھەربىي-پۇقراۋى بىرىكمە» ۋە «قوش ئايلىنىش» ئىستراتېگىيەلىرى — بۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ھەربىي زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ تېخنىكا ۋە سانائەت ئىقتىدارىنى بەرپا قىلىش ئۇرۇنۇشىدۇر — ئارقىلىق جۇغراپىيەۋى ئىقتىسادىي (geo-economic) نوپۇز بەرپا قىلىپ كەلدى. خىتاينىڭ يەر شارى تەمىنلەش زەنجىرىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىمۇ ئۇنىڭ مەقسەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ سىياسەتلەر خىتاينى ھالقىلىق مىنېرال ماددىلار، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە ئەمدىلىكتە كېيىنكى ئەۋلاد ئېنېرگىيە تېخنىكىسى قاتارلىق مۇھىم ئىقتىسادىي ئېلېمېنتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركىزىگە جايلاشتۇرۇپ، باشقا دۆلەتلەرنى خىتايغا بېقىندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

دۇنيا مىقياسىدا، خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ئارقىلىق جۇغراپىيەۋى سىياسىي تەسىرگە ئېرىشتى. بۇ تەشەببۇس ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكاسى، ئوتتۇرا شەرق، ھەتتا ياۋروپانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خىتاي بېكىتكەن قائىدە بويىچە ئايلىنىدىغان يېڭى ئىقتىسادىي تورغا ئاساس سالدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، جازا تەدبىرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ تاشقى سىياسەت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تولىمۇ پاسسىپ يول تۇتتى. ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتىكى نەچچە ئون يىللىق تاشقى ۋە ئىقتىسادىي سىياسەتتىكى بىپەرۋالىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇرۇنۇشى يەنىلا پارچە-پۇرات ھەمدە سىجىل ئەمەس. گەرچە مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «خىتاي ھەربىي-سانائەت بىرىكمە شىركەتلىرى تىزىملىكى» (CMIC) ياكى ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى «ۋەيران قىلغۇچ تېخنىكا زەربە ئەترىتى» (Disruptive Technology Strike Force) قاتارلىق ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جىنايى قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشكە ۋە ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ ئېكسپورتىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەگەر پرېزىدېنت ئۆزى بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ، خىتاينىڭ يامان غەرەزلىك ئىقتىسادىي تەسىرىنى يوقىتىش ئىستراتېگىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلمىسا، بۇ تىرىشچانلىقلار يەنىلا يېتەرلىك بولمايدۇ.

پرېزىدېنت بايدېن ياكى (بۇ يىللىق سايلامدا يەڭگەن تەقدىردە) يېڭىدىن قەسەم بەرگۈسى پرېزىدېنت دونالد ترامپ ھەر ئىككىسى سابىق پرېزىدېنت رونالد رېگاننىڭ خىتاي سىياسىتىنى ئۆرنەك قىلىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتى ئېنىقلا رېگاننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بىر قاتار دۆلەت بىخەتەرلىكى قارارلىرىدا (NSDD) بۇ ھەقتە ئېنىق ۋە ئىجرائاتچان كۆرسەتمىلەرنى بەرگەنىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سوغۇق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش نىيىتى رېگان دەۋرىدىكى بۇ ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتكەن. بۇ نىڭ ئىچىدە 32-نومۇرلۇق دۆلەت بىخەتەرلىكى قارارىمۇ بار. بۇ قارارغا «ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيەسى» دەپ نام قويۇلغان بولۇپ، بۇ قاراردا بارلىق تاشقى سىياسەت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى پائالىيەتلىرى ئامېرىكا-سوۋېت ئىتتىپاقى رىقابىتى ئارقا كۆرۈنۈشىگە بىنائەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇنىدىن سىرت، رېگان ھۆكۈمىتى «ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت» ناملىق 75-نومۇرلۇق دۆلەت بىخەتەرلىكى قارارىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ قارار ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەدە رىقابەتلىشىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئەتراپلىق دۆلەت سىياسىتى قوللىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ترامپ ۋە بايدېن ھۆكۈمەتلىرى بىردەك ھالدا ھازىر ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچىگە ئايلانغان خىتايغا بولغان تۈپ سىياسەت ئۆزگىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ھەمدە ئامېرىكا ئىقتىسادىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق ئېرىنچەك ۋە بېپەرۋا باردى-كەلدىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، تاموژنا بېجى ۋە ئېكسپورت كونترولىنى يولغا قويۇش ئىستىكىنى نامايەن قىلغانلىقى سەۋەبلىك ماختاشقا لايىقتۇر. لېكىن، ئامېرىكا خىتاي بىلەن ئۆز ئارىسىدا رىقابەت بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ سەككىز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن، شۇنداقلا نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق تاموژنا بېجى ۋە بىر قاتار ئېكسپورت چەكلىمىلىرى ۋە مەبلەغ سېلىش كونترول تەدبىرلىرىنى يولغا قويغاندىن كېيىنمۇ، ئامېرىكا يەنىلا خىتاي بىلەن بولغان رىقابەتتە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان سالماققا يېتەلمەيۋاتىدۇ.

مەسىلەن، بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خەتەردىن ساقلىنىش جەھەتتىكى «كىچىك ھويلا، ئېگىز قاشا» (small yard, high fence) مېتودى ئېكسپورت كونترول تەدبىرلىرىگە دۇچ كەلگەن كەسپلەرنىڭ دائىرىسىنى چەكلەپ قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەھدىتىنىڭ سالمىقى ۋە كۆلىمىگە تاقابىل تۇرالمىدى.

پرېزىدېنت بۇ تار ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ ئورنىغا، رېگاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەدبىرىگە ئوخشاش، ئامېرىكانىڭ بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى بۇ يېڭى سوغۇق ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك. پرېزىدېنت ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي رىقابەت ئىستراتېگىيەسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. رېگاننىڭ 75-نومۇرلۇق دۆلەت بىخەتەرلىكى قارارى ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپلىق ئىستراتېگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن تەمىنلىگەندەك، ۋەھالەنكى خىتاينىڭ يەر شارى ئىقتىسادىنى بۇرمىلىشى ئامېرىكانىڭ بۇ مۇرەككەپ خىرىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مەزكۇر ھۆججەتتە ئامېرىكانىڭ ئۆز ئىقتىسادىنى قانداق قوغدايدىغانلىقى، خىتاينىڭ رىقابەت كۈچىنى قانداق زەئىپلەشتۈرىدىغانلىقى ۋە يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ھوقۇق مەركىزىنى قانداق قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق سىياسەت يېتەكچىلىكى بولۇشى كېرەك.

ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش چوقۇم يېڭى ئىستراتېگىيەنىڭ يادروسى بولۇشى كېرەك. خىتاينىڭ ناتوغرا سودا ئادىتى، شۇنداقلا خىتاي كارخانىلىرىغا كەڭ كۆلەمدە تولۇقلىما بېرىش ئارقىلىق تەڭسىز رىقابەت مۇھىتى بەرپا قىلىش نەتىجىسىدە سانائەتسىزلەشتۈرۈشى (deindustrialization) ھەمدە ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ترامپ ۋە بايدېن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن، شۇنداقلا دۆلەت

مەجلىسدە تولۇق ئىسپاتلاندى. پرېزدېنت چوقۇم دۆلەت بىخەتەرلىكى قارارلىرى ئارقىلىق، بۇ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر رامكا بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. يېڭى سىياسەت يېتەكچىلىكى خىتاينىڭ ئامېرىكاغا مەبلەغ سېلىشىنى ۋە ئامېرىكانىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشىنى تېخىمۇ كەسكىن تەرزدە چەكلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئېكسپورتنى كونترول قىلىش سىياستى، ئىككى تەرەپلىك سودىنىڭ دائىرىسى ۋە خىتاينىڭ مەڭگۈلۈك نورمال سودا مۇناسىۋىتى سالاھىيىتى (permanent normal trade relations status) جەھەتتە ئېنىق كۆرسەتمىگە موھتاج.

پرېزدېنت ئامېرىكانىڭ خىتايدىن ئاجراش (decoupling) ئۇسۇلىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتمە بېرىشى كېرەك. بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە پەقەت يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە سۈنئىي ئىدراك ئۈزىگە مەركەزلەشكەن ئېكسپورتنى كونترول قىلىش سىياستى بىر ياخشى باشلىنىشتۇر. ئەمما، تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىش زۆرۈر. يېڭى ئىقتىسادىي رىقابەت ئىستراتېگىيەسى كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، ئامېرىكانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، گۈللىنىشى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان تېخىمۇ كۆپ كەسىپلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. چوقۇم ئويلىنىشقا تېگىشلىك كەسىپلەر دورا، بىيوتېخنىكا، ئۇچۇر ۋە سانلىق مەلۇمات تېخنىكىسى ۋە ھالقىلىق ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ مۇئەييەن ساھەلەردە، ئامېرىكا خىتاي ئىقتىسادىدىن تولۇق ئاجرىشى كېرەك. بۇ ساھەدىكى ھالقىلىق زاپچاس ۋە ماتېرىياللارنىڭ تەمىناتىدا خىتايغا تايىنىپ قېلىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئامېرىكا ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بايدېن بۇ ئىشقا رەھبەرلىك قىلىشى ھەمدە ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇلار سىياسىي ۋە بىيۇروكراتىك توسالغۇلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بايدېن تېخىچە بۇنداق كۈچلۈك رەھبەرلىكنى نامايەن قىلالمىدى.

مەسىلەن، بايدېننىڭ چەتئەلگە مەبلەغ سېلىش ھەققىدىكى مەمۇرىي بۇيرۇقىدا، قايسى «دۆلەت بىخەتەرلىكى تېخنىكىلىرى»نىڭ يېڭى مەبلەغ سېلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بەلگىلەش ۋەزىپىسى مالىيە مىنىستىرلىقىغا يۈكلەندى. بۇ خىل ئۇسۇلدىكى خەتەر شۇكى، مالىيە مىنىستىرلىقى مالىيەۋى ۋە ئىقتىسادىي تەسىرنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تار تەبىرلىك «كىچىك هويلا، ئېگىز قاشا» ئۇسۇلىدىن ھالقىپ كېتىشنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە، پرېزدېنت بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ، ھازىرقى ھالقىلىق ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېخنىكىلارنىڭ تىزىملىكىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. بۇ تىزىملىكتە خىتاي ئامېرىكا كاپىتالى ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇۋالسا بولمايدىغان تېخىمۇ كۆپ تېخنىكىلار كۆرسىتىلگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، مالىيە ۋە سودا مىنىستىرلىقلىرى ھېلىھەم خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مايىل. بۇ ئورگانلارنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ئامېرىكانىڭ تىجارىتىنى

جانلاندۇرۇش ۋە يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، بۇ خىل مەۋقە ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىنى بۇرمىلايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھازىرقى توقۇنۇشلاردا غەلىبە قىلىشتىن كۆرە، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ مەزمۇت تۇرۇشىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئۇسۇلدۇر، چۈنكى خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىدىن كېيىنكى — خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئېغىر دەرىجىدە ئاستىلاپ، ئامېرىكا ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان — مۇھىت ئامېرىكانىڭ خىتايغا بولغان تايىنىش سالمىقىنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىن كۆپ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. خىتاي ئىقتىسادىغا قانچىلىك بەدەل تۆلىتىشتىن قەتئىينەزەر، ئامېرىكا ئۆز ئىقتىسادىنى تالان ـ تاراجدىن قوغدىشى كېرەك.

ئامېرىكا ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بەشىۋرجەكلىك بىنادىكى ھەربىي پىلانلىغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى چەكلىشى ۋە — مۇمكىن بولغان ئەھۋاللاردا — خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك، شۇنداقلا ئامېرىكا بۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە.

ئامېرىكا خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىقتىدارىنى توسۇش ۋە ئاجىزلىتىش ھەرىكىتى قوزغىشى كېرەك. مەسىلەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۆز ئارمىيەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان بارلىق چېگرادىن كىرىدىغان ـ چىقىدىغان مەبلەغ، ئېكسپورت ۋە سانلىق مەلۇمات يوللاشنى نىشان قىلغان يېتەكچىلىكنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ھەربىي چۆچۈتۈش كۈچىنى زورايتالايدۇ. خىتاينىڭ تەيۋەن، فىلىپپىن ۋە باشقا جايلاردىكى جېدەلخورلۇقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئامېرىكا ئىقتىسادىي «مەغلۇبىيەت نۇقتىلىرى»نى ۋە باشقا مالىيەۋى نىشانلارنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئامېرىكا ياكى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ھەربىي ھۇجۇم قوزغاش جەھەتتىكى ئىشەنچىسىنى ئاجىزلىتىدىغان ئىقتىسادىي چۆچۈتۈش پىلانىغا موھتاج.

ئەدلىيە سىستېمىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان يامان غەرەزلىك خىتاي گۇپپاڭچىلىرىنى نىشانلاش پرېزدېنت بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىشتۇر. ئامېرىكا چوقۇم ئۆزىنىڭ مەۋجۇت قانۇن ـ نىزاملىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ فېنتانىل ئىشلەپچىقىرىش، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش، جازالاردىن قېچىش، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە باشقا جىنايى قىلمىشلاردىكى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك.

بۇنى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»، «دۆلەت ھالقىغان جىنايەت شايكىلىرىنى جازالاش نىزامى» قاتارلىق سىياسەت قوراللىرىدىن پايدىلىنىش، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «خىتاي ھەربىي ـ سانائەت بىرىكمە شىركەتلىرى تىزىملىكى»نى كېڭەيتىش ۋە يولغا قويۇش،

ByteDance شىركىتى تىك-توكنى ساتمىسا، تىك-توكنى ئامېرىكادا داۋاملىق چەكلەش، شۇنداقلا — تىرامپ خۇاۋېي شىركىتىگە قارشى قىلغاندەك — باشقا ناچار ئىشتىراكچىلارغا قارشى قانۇن ئىجرائاتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئامېرىكا پرېزىدېنتى خىتايغا قارشى بۇنداق زور كۆلەملىك قانۇنىي ئىستراتېگىيەنى تېخى يولغا قويمىدى، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنداق قانۇنىي ئىستراتېگىيە خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر قىسىم ئەڭ چوڭ كارخانىلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە بۇ خىتاينىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغايدۇ.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى چوقۇم ئامېرىكانىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقداشلىرى ۋە شېرىكلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يەر شارى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يېڭى مەركەزلىرىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈشى كېرەك. بايدېن ئۆز ھۆكۈمىتىگە سودا كېلىشىمى، ياردەم ۋە تەرەققىيات قۇراللىرى قاتارلىق تاشقى ئىقتىسادىي سىياسەت ماھارەتلىرىنى ئىشلىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان رىقابەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشىدىكى زۆرۈر دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يادرولۇق پرىنسىپلىرى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەسىرىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئامېرىكانىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردىكى دۆلەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش؛ ئامېرىكا ماھىر بولغان ئادىل ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي رامكىلارنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يېقىن ئىتتىپاقداشلار بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

ئورتاق گۈللىنىش ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يەرشارىۋى ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيەنىڭ ئاساسىدۇر، شۇنداقلا ھېچنەرسە بۇ خىل گۈللىنىشنى ئوخشاش پىكىردىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىدەك كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، پرېزىدېنت ئامېرىكا سودا ۋەكىلى ئىشخانىسىغا «ئامېرىكانىڭ خىتايدىن ئاجراش تىرىشچانلىقىغا ياردەم بېرىش، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي شېرىكلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەيدىغان قوش تەرەپلىك سودا كېلىشىمنى يولغا قويۇش» جەھەتتە ھوقۇق بېرىشى كېرەك. تاكى سىياسىي كاپىتال تېخىمۇ ئەتراپلىق سودا كېلىشىمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا يەتكۈدەك ھالغا كەلگەنگە قەدەر، بۇنى ھالقىلىق كان مەھسۇلاتلىرى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ياكى دورا قاتارلىق كونكرېت سودا كېلىشىملىرىدىن باشلاش مۇمكىن.

يەنە شۇنىڭدەك، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئامېرىكا-خىتاي رىقابىتىدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان ياردەم ئالغۇچى دۆلەتلەرنى ئىستراتېگىيەلىك قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان تۈرلەرنى قوللاش ۋە ئامېرىكانىڭ سالغان مەبلىغىگە چۇشلۇق نەپكە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي

ياردەمگە مەسئۇل بولۇشى ھەمدە «ئامېرىكا خەلقئارالىق تەرەققىيات ئىدارىسى» ۋە «ئامېرىكا خەلقئارا تەرەققىيات مالىيە شىركىتى»گە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

ئامېرىكا بىرىنچى قېتىملىق سوغۇق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. ھالبۇكى، بۇ تەشەببۇسكار ئىقتىسادىي ھەرىكەت ۋە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ ئارقىلىق روياپقا چىققانىدى. ئەمما، خىتاي بىلەن بولغان بۇ قېتىملىق سوغۇق ئۇرۇشتا ئامېرىكا يېتەرلىك تەدبىر قوللانمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا خىتاينىڭ يەرشارىۋى ئىقتىسادىي قارا نىيىتىنى توسۇپ، ئالدىمىزدىكى نەچچە ئون يىلدا ئامېرىكا ئارزۇسىنى ۋە كەلگۈسى ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى يەنە بىر قېتىم كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى بولسا، پرېزىدېنت بۇلارغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشى زۆرۈر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://foreignpolicy.com/2024/06/17/united-states-china-competition-biden-trade-tariffs/



مىسلىسىز ئويغىنىش

# ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ۋە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق

كارلا لوپىز

# ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ۋە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق

كارلا لوپېز

1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 2010 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغان يېڭى ئەۋلاد ئەمدىلىكتە قورامىغا يەتكەن ياشلار بولۇپ بوي كۆرسەتمەكتە. ئەپسۇسكى، بۇ قورامدىكى ياشلار ئېغىر دەرىجىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە. ئەلۋەتتە، بۇ ئەسلا ياخشى خەۋەر ھېسابلانمايدۇ. ئوقۇش قەرزىنى تۆلەش ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى بۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار جۈملىسىدىندۇر. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللارغىچە مۇقىم تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

بۇ خىل ئەندىشىلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك تەۋسىيە قىلىنىدىغان چارە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى ياكى ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. بىراق، يېڭى ئەۋلاد ياشلارنىڭ نۇرغۇنى بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئارىسىدا روشەن پەرقلەر بولۇشىغا قارىماي، مەزكۇر ئاتالغۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ پەرقنى چۈشىنىش مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ كىرىم ـ چىقىم پىلانلىرىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

خوش، ئەمدى بىز ئىقتىسادىي ئەركىنلىك بىلەن ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنىڭ پەرقىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

## ئېنىقلىما ۋە ئاساسىي ئۇقۇملار

ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ــ ئۆزىڭىز ۋە ئائىلىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك دەپ قارايدىغان پۇل ئىقتىساد قىلىش، مەبلەغ سېلىش ۋە نەق پۇلغا ئىگە بولۇشىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ــ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بويىئۇنتۇرۇقىغا چۈشۈپ قالماستىن تۇرمۇش تاللاشلىرىنى روياپقا چىقىرالاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر. يېڭىدىن يېتىشكەن ياشلارغا نىسبەتەن، ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ــ ئەنئەنىۋىي خىزمەتكە بېقىنىپ قالماستىن ساياھەت قىلىش، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىڭ

كەيىندىن يۇگۇرۇش ياكى بىرەر تىجارەتنى باشلاش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر.

ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولسا، باشقىلارغا ماتاشقا ئىشلەشكە ئېھتىياجلىق بولمىغان ھالدا تۇرمۇش چىقىملىرىنى ۋە كىشى ئېھتىياجلىق بولىدىغان لازىمەتلىكلەرنى قامداش ئۈچۈن يېتەرلىك كىرىمگە ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق — مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق پاسسىپ كىرىمگە ئېرىشىشنى ياكى مۇقىم كىرىم يارىتالايدىغان مال-مۈلۈكلەرگە ئىگە بولۇش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى يېتىشكەن ياشلارغا نىسبەتەن، ئىقسادىي مۇستەقىللىق ئايلىق چىقىملارغا يەتكۇدەك ئىجارە كىرىمگە ئىگە بولۇش، باشقا تاپاۋەتكە ئىگە بولۇش ياكى سالغان مەبلىغىدىن كىرىم قىلالايدىغان بولۇش دېگەندىن كېرەك بېرىدۇ.

## كىرىم مەنبەلىرى ۋە داۋاملىق

ئىقتىسادىي ئەركىنلىك — پاسسىپ كىرىم، مەبلەغ سېلىش ۋە پۇل ئىقتىساد قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك كىرىم يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى يېتىشكەن ياش ئەۋلادلار تۈرلۈك كىرىم مەنبەلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن بىر نەچچە خىزمەتنى تەڭ قىلىش، نەدە ئىش بولسا قىلىش ۋەياكى مەبلەغ سېلىش پۇرستى قاتارلىقلارنى قوغلىشىشى مۇمكىن. قەرز ئىشەنچى — ئىقتىسادىي كىرىم يارىتالايدىغان مۈلۈكلەرگە مەبلەغ قىلىپ سېلىشقا بولىدىغان قەرز ئېلىشقا ياردەمچى بولالايدىغانلىقى ئۈچۈن، قەرز ئىشەنچ سەۋىيەسىنى بىلىۋېلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل كىشى ئېھتىياجلىق بولىدىغان بارلىق چىقىملارنى كۆتۈرەلەيدىغان، مەبلەغ سېلىشتىن ياكى مال-مۈلۈكتىن كىرىدىغان مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇشتۇر. يېڭى يېتىشكەن ياشلار پاي-چەك سېتىۋېلىشقا، ياكى ئۆي-مۈلۈك سېتىۋېلىشقا مەبلەغ سالسا بولىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇھىم بولغىنى، ئاكتىپ ھالەتتە ئىشلەشنى تەقەززا قىلمايدىغان، داۋاملىقلىقا ئىگە بولغان كىرىم يارىتىشتۇر. قەرز ئىشەنچ سەۋىيەسى ئۆي-مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنى كىرىم شەكلىدە قايتۇرۇپ كېلىش ياكى ئۈيغۇن بولغان قەرز شەرتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، قەرز ئىشەنچ سەۋىيىسى بۇ جەھەتتىمۇ رول ئوينايدۇ.

## ياشاش شەكلىنى تاللاش ۋە ئېلاستىكلىق

ئىقتىسادىي ئەركىنلىك تېخىمۇ باياشاتچە ۋە خالىغانچە چىقىم قىلىشقا يول ئېچىپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك ياشاشقا يول ئاچىدۇ. ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرگەن يېڭى يېتىشكەن ياشلار دائىم ساياھەت قىلىپ تۇرۇش، سىرتتا تاماق يېيىش، ياكى پۇلنىڭ غېمىنى قىلماستىن ئۆز ھەۋەسلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىشقىمۇ چىقىنالايدۇ. ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ھايات شەكلىنى تاللاشتا كىشىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئېلاستىكلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولسا زۆرۈر چىقىملارغا چىقىنالاش، مۇقىم تۇرمۇشنى روياپقا چىقىرىش، ئىقتىسادىي بېسىم ھېس قىلماستىن ھاياتلىق تاللىشىنى روياپقا چىقىرالاش ئىقتىدارىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. يېڭى يېتىشكەن ئەۋلادلار ئۈچۈن، بۇ چەكلىك ئىقتىساد بىلەن بارچە زۆرۈر ئېھتىياجلىرى قامدالغان ھالەتتە خاتىرجەم ياشاشنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ۋاقتنى قانداق سەرپ قىلىش جەھەتتىكى ئېلاستىكلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## نىشانلار ۋە پىلانلاش

ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى روياپقا چىقىرىش ئادەتتە پۇل-مالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بار كۈچ بىلەن پۇل يىغىش، مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى يېتىشكەن ياشلار كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى مۇقىم رەۋىشتە ئىقتىساد قىلىش، زورىيىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولغان پاي-چەكلەرگە مەبلەغ سېلىش، ياكى باشقا تۈرلۈك يوللارغا مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ئېنىق ئىقتىسادىي نىشان تىكلەپ، شۇنىڭغا كۆرە ئىشنى باشلىسا بولىدۇ. قەرز ئىشەنچىنى ساقلاپ قېلىش ۋە قەرز ئىشەنچ دەرىجىسىنى چۈشىنىش بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق مال-دۇنيا كۆپەيتىشنى روياپقا چىقىرىدىغان ئىقتىسادىي تاۋارلارغا ئېرىشىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن چىقىملارنى ئازايتىشقا، ئىقتىسادچانلىقنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ دىققەت بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىش مۇھىمدۇر. يېڭى يېتىلگەن ياشلار كىرىم-چىقىملىرى ئۈچۈن تەپسىلىي خامچوت تەييارلاپ، ئورۇنسىز چىقىملارنى ئازايتىشقا ۋە كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى ئىزچىل رەۋىشتە يىغىپ كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بەرسە بولىدۇ. بۇ قىسقا مۇددەتلىك كۆڭۈل خۇشاللىقىنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىقتىسادىي تاللاشقا ئۆتۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## خەتەر ۋە بىخەتەرلىك

ئىقتىسادىي ئەركىنلىك پاي-چەككە، ئۆي-مۈلۈككە ۋە باشقا تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش يۈزىسىدىن (ئىقتىسادىي مۇستەقىللىققە قارىغاندا) تېخىمۇ چوڭ خەتەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ هال يېڭى يېتىلگەن ياشلار ئۈچۈن ياخشى كىرىم قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش جەھەتتە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق، بۇنداق قىلىش بازار ھەققىدە راۋۇرۇس چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى ۋە مۇمكىنچىلىكى بولغان زىيانلارغا بەرداشلىق بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بارچە ئاساسىي ئېھتىياجلارنى قامداش ئۈچۈن خەتىرى تۆۋەن بولغان ئىشلارغا مەبلەغ سېلىش ۋە بىخەتەر كىرىم مەنبەلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشكە مايىلدۇر. ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ئىقتىسادىي ئەركىنلىككە قارىغاندا بىخەتەر كىرىمگە يۈزلەنگەن بولۇپ، يۇقىرى كىرىم يارىتىشتىن بەكراق، مۇقىملىق ۋە خەتەرنى ئازايتىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## ئاخىرقى پىكىر

ئىقتىسادىي ئەركىنلىك بىلەن ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ھەر ئىككىسى ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكنى كۆزلەشتە ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىككىسى ئارىسىدا يەنىلا پەرق بار. ئىقتىسادىي ئەركىنلىك — سىز ئارزۇلىغان ھايات ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولسا، ئاساسىي ئېھتىياجلىرىڭىزغا يېتەرلىك مۇقىم كىرىمگە ۋە بىر خىزمەتكە ئېھتىياجلىق بولماستىن كۆڭۈلدىكىدەك ھايات شەكلىگە ئىگە بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا ياكى ئىككىسىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا كاللىڭىزدا سوئاللار بولسا، مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشىڭىز ھەر زامان تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://moonshotpirates.com/blog/financial-freedom-vs-financial-independence-what-gen-z-needs-to-know

# بېرناد شاۋ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن تاللانما



## بېرناد شاۋ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن تاللانما

ساختا بىلىمدىن ھەزەر ئەيلە. ئۇ جاھالەتتىنمۇ خەتەرلىكتۇر.

ئۈمىدۋار كىشىلەرمۇ، ئۈمىدسىز كىشىلەرمۇ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ. ئۈمىدۋار كىشىلەر ئايروپىلاننى ئىجاد قىلغان بولسا، ئۈمىدسىز كىشىلەر پاراشۇتنى ئىجاد قىلغاندۇر.

«بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ» دەيدىغانلار، ئۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلارغا توسالغۇ بولماسلىقى لازىم.

كۆڭۈلسىز پەيتلىرىڭنى قۇمغا، كۆڭۈللۈك پەيتلىرىڭنى تاشقا ياز.

چوشقا بىلەن چېلىشىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇزۇن يىللار ئاۋۋال ئۆگەنگەندىم. چوشقا بىلەن چېلىشساڭ ئۈستى بېشىڭ مەينەت بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، چوشقا بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت — نۇرغۇنلىغان خاتالىقلاردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك بىلەن روياپقا چىقمايدۇ. ھالبۇكى، ئوخشاش خاتالىقنى قايتا تەكرارلىماسلىق ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ.

ئۆزگىرىش بولماي تۇرۇپ ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. ئۆز پىكرىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلار ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

دېموكراتىيە — بىز لايىق بولغان تېخمۇ ياخشى ئىدارە قىلىنىشنىڭ ئالدىنى توسىدىغان ۋاستىدۇر.

گېزىت — ۋېلسىپىت سوقۇشۇپ كېتىش ھادىسىسى بىلەن مەدەنىيەتلەرنىڭ سوقۇشۇشىنى پەرقسىز ھالغا ئەكىلىشكە خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىدۇر.

پۇرسەتنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭ، پۇرسەتنى ئۆزىڭىز يارىتىڭ.

بىز بىر ئىشقا ئىشىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇ ئىشنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان سانسىز دەلىللەرنى بايقايمىز، ئۇنىڭغا زىت بولغان دەلىللەرگە قارىغۇ بولىۋالىمىز.

ئۆگىنىش ئارزۇسى بولمىغان يەردە ئۆگىتىش تەجرىبىسى ئەسقاتمايدۇ.

تاماكا — بىر تەرىپىدە ئوت، بىر تەرىپىدە ئەخمەق بولغان، قەغەزگە يۆگەلگەن بىر تۇتام تۈتۈندۇر.

ياخشى كۆرگەن نەرسىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭ. بولمىسا قولىڭىزدىكى نەرسىنى (زورلاپ) ياخشى كۆرۈشكە مەجبۇر بولىسىز.

كۆپلىگەن كىشىلەر بىلىشنى ئارزۇلايدىغان نەرسىلەر ئەسلىدە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان نەرسىلەردۇر.

سۈكۈت — كۆزگە ئىلماسلىقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسىدۇر.

ئانا بولۇش دېمەك قەلبىڭىزنىڭ ئانا بولغاندىن باشلاپ سىزگە تەۋە ئەمەسلىكىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. قەلبىڭىز پەرزەنتىڭىز قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە بىللە بارىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر (خۇداغا) دۇئا قىلمايدۇ، ئۇلار پەقەتلا (كىشىلەردىن) تىلەيدۇ.

نۆۋەتتە بىز ھاۋادا قۇشلاردەك ئۇچۇشنى، سۇدا بېلىقتەك ئۈزۈشنى ئۆگەندۇق. ئەمما، بىر ئىشنى، يەنى زېمىندا ئىنساندەك ياشاشنى ئۆگىنەلمىدۇق.

بىز تارىختىن شۇنى ئۆگەندۇقكى، بىز تارىختىن ھېچنەرسە يەكۈنلىمىدۇق.

پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئەمەس، ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى قارار قىلغىنىمىزدا مۇمكىنچىلىكلەر ئۆزلىكىدىن كۆپىيىدۇ.

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشىڭىز بەلكىم سىزنى خۇشال قىلالماسلىقى مۇمكىن، لېكىن بۇنداق قىلىش سىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ.

بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز چەكلىك، ئەمما تەلەپلىرىمىز چەكسىز.

بىر ئەر كىشىنىڭ ياكى ئايال كىشىنىڭ ئالغان تەربىيەسىنىڭ سىنىقى ئۇنىڭ ئۇرۇش-جاڭجالدا قانداق ھالەتتە بولىدىغانلىقىغا قاراشتۇر.

ھۆرلۈك دېمەك مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر. بۇ ۋەجىدىن، نۇرغۇن كىشىلەر ھۆرلۈكتىن قورقىدۇ.

ئەسلىدە ھوقۇق ئىنسانىنى بۇزمايدۇ. لېكىن، ئەخمەقلەر ھوقۇققا ئېرىشسە، ھوقۇقنى بۇزىدۇ.

قېرىلار خەتەرلىك كىشىلەردۇر. چۈنكى، دۇنيانىڭ بېشىغا نېمە كۈن كېلىشى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.

ھ. ئىبراھىم تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2024 -يىلى 6– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 6 – ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2024-يىلى، 6-ئاي)

5-ئىيۇن:

تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى هاكان فىدا 5-ئىيۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بېيجىڭدا «ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر ئىككى قەدىمىي تۈركىي ۋە ئىسلامىي شەھەردۇر» دېگەن سۆزى دىققەت تارتتى. (VOA)

11-ئىيۇن:

ئامېرىكا خىتاينىڭ دېڭىز مەھسۇلاتلىرى شىركىتى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئېلىپ كېلىنگەن دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئامېرىكا تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىدى. (seafoodsource)

ئامېرىكا يەنە خىتاينىڭ باشقا ئۈچ شىركىتىنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا سالماقچى بولغانماللىرىنىمۇ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق دەپ قاراپ، ئۇ ماللارنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلىگەن. بۇ ئۈچ شىركەت ئايرىم ئايرىم هالدا دېڭىز مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، ئالىيۇمىن مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ۋە ئاياق كىيىملىرى شىركىتى ئىكەن.

12-ئىيۇن:

ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاكتىسىۋىت رەھىمە ماھمۇت خانىم ئەنگلىيە سىياسىي پارتىيىلىرىگە مەكتۇپ يوللاپ، مەزكۇر پارتىيىلەرنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىردى. (srhopshirestar)

16-ئىيۇن:

ياۋرو ئاسىيا خەۋەرلەر تورى «ئۇيغۇرلار شىنجاڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق قانداق پايدىلىنىلىماقتا؟» ناملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر بىلەن مۇشۇ ھەقتە سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. (eurasianet)

18-ئىيۇن:

خىتاي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى توختات» چاقىرىقىنى «كىشىلىك ھوقۇقتا قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق» دەپ ئەيىبلىدى. (reuturs)

20-ئىيۇن:

خىتاي ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى يوق قىلىپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ تېز ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈزلەرچە ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئىگىلىنىشىچە ئىسمى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ سانى 630دىن ئاشىدىكەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 18-ئىيۇن بۇ ھەقتە دوكلات ئېلان قىلغان. (BBC)

24-ئىيۇن:

بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كانادا باش ئەلچىسى جېنىفېر مېي 19-ئىيۇندىن 22-ئىيۇنغىچە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، جۇرىست تورى، زىيارەت جەريانىدا جېنىفېر مېينىڭ ماشىنىۋاي قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، بۇ رايوندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تىلغا ئالغانلىقىنى قەيت قىلغان. (jurist.org)

ھ. ئىبراھىم تەييارلىدى


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival